ئابلەمەت ھاجى

# ئاتا ئىزىدىن



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئابلىمەت ھاجى

# ئاتا ئىزىدىن

(پوۋېست)

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىمەت ئوسمان

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

# ئاتا ئىزدەن

*

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقىتىدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1092 × 787 م.م 32 كەسلەم، باسما تاۋاق: 5.625
1982 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى
1983 - يىل 2 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاپ نومۇرى: 10264.21
سانى: 1 — 10.000
باھاسى: 0.27 يۇەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئەشرىياتتىن

يازغۇچى ئابلىمىت ھاجى 1937 - يىلى ئاتۇشنىڭ ئوكتەبرىق يېزىسىدا بىر ئوقۇمۇشلۇق دىنىي زات ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1951 - يىلى ئوكتەبرىق باشلانغۇچ مەكتىۋىنى پۈتتۈرۈپ، قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىگە ئوقۇشقا كىرگەن. 1956 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن تارتىپ، 1981 - يىلغىچە شۇ مەكتەپنىڭ ئۆزىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، ھازىر قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدا تەھرىر.

ئابلىمىت ھاجىنىڭ ئىجادىيىتى 1953 - يىلى باشلانغان بولۇپ، بىر قىسىم شېئىرلىرى شۇۋاقىتلاردىن تارتىپ گېزىت - ژورناللاردا كۆرۈلۈشكە باشلىغان. 1980 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇنىڭ «چېلىش تەنتەنىسى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى، 1981 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى «خەت - چەكلەر ساۋادى» دىگەن كىتاۋىنى نەشر قىلدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئابلىمىت ھاجى ئۆزىنىڭ «ساداقەت»، «تۇتىيا»، «گۈلباغ قىزى» قاتارلىق ھىكايىلىرى ۋە «قەمبەرنىسا» ناملىق داستانى ئارقىلىق كىتاپخانلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى.

«ئاتا ئىزىدىن» پوۋېستى يولداش ئابلىمىت ھاجىنىڭ "مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى" نىڭ روھى ۋە جىسمانى ئازاپلىرىدىن قۇتۇلۇپ، يېڭىدىن باشلىغان ئىجادىي ئەمگىكىنىڭ يەنە بىر

مۇددىسى. ئەسەردە ئۇن يىللىق ئىچكى يېغىلىق دەۋرىنىڭ ناھەق قۇربانى بولغان پىشقەدەم مائارىپچى تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ ئوغلى قادىر بىلەن، روھىي دۇنياسى ئىنتايىن زەئىپ، قارا كوڭۇل، توھمەتخور، كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىش ھېساۋىغا نەپ ئېلىشنىلا ئويلايدىغان كېرىم ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈر زىددىيەت تېما قىلىنىپ، پارتىيىنىڭ سەمىمى تەربىيىسى، تىرىشچان، خەلق ئىشلىرىغا سادىق پىشقەدەم مائارىپچىلارنىڭ يېتەكلىشى بىلەن مائارىپ سېپىدە يېتىلىپ چىقىۋاتقان قادىر، ئانارلاردەك ياش باغۋەنلەرنىڭ پائالىيەتلىرى خېلى ئۇستۇن بەدىي ماھارەت بىلەن سىزىپ بېرىلگەن. لىنبياۋ، جاڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋىي گۇرۇھىغا قول - چوماقچى بولۇپ، ۋىجدانى بولغانغان كېرىمدەك سەلبى شەخسلەرنىڭ يىرگىنىشلىك ئاقىۋىتىمۇ خېلى دەل جايىدا ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. ئاپتورنىڭ بۇ ئەسەردە ئاساسلىق پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىش، بەدىي تىل ئىشلىتىش جەھەتتە ئازدۇر-كوپتۇر يېتەرسىزلىكلەر بولسىمۇ، كىتاپخانلىرىمىزنىڭ سەمىمى ياردىمى بۇ ئەسەرنىڭ كېيىنچە تۇزىتىلىپ، موكەممەللىشىشىگە ئاساس بولىدۇ. دېگەن ئۈمىدتىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇئىسى. ئەسەردە ئون يىللىق ئىچكى يېغىلىق دەۋرىنىڭ ناھەق قۇربانى بولغان پىشقەدەم مائارىپچى تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ ئوغلى قادىر بىلەن، روھىي دۇنياسى ئىنتايىن زەئىپ، قارا كوڭۇل، توھمەتخور، كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىش ھىساۋىغا نەپ ئېلىشنىلا ئويلايدىغان كېرىم ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈر زىددىيەت تېما قىلىنىپ، پارتىيىنىڭ سەممىي تەربىيىسى، تىرىشچان، خەلق ئىشلىرىغا سادىق پىشقەدەم مائارىپچىلارنىڭ يېتەكلىشى بىلەن مائارىپ سېپىدە يېتىلىپ چىقىۋاتقان قادىر، ئانارلاردەك ياش باغۋەنلەرنىڭ پائالىيەتلىرى خېلى ئۇستۇن بەدىئى ماھارەت بىلەن سىزەتلەپ بېرىلگەن. لىن بىياۋ، جاڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋىي گۇرۇھىغا قول - چوماقچى بولۇپ، ۋىجدانى بۇلغانغان كېرىمدەك سەلبىي شەخسلەرنىڭ يىرگىنىشلىك ئاقىۋىتىمۇ خېلى دەل جايىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئاپتورنىڭ بۇ ئەسەردە ئاساسلىق پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىش، بەدىئى تىل ئىشلىتىش جەھەتتە ئازدۇر-كۆپتۇر يېتەرسىزلىكلەر بولسىمۇ، كىتاپخانلىرىمىزنىڭ سەممىي ياردىمى بۇ ئەسەرنىڭ كېيىنچە تۈزىتىلىپ، موكەممەللىشىشىگە ئاساس بولىدۇ، دېگەن ئۈمىدتىمىز.


# بىرىنچى باپ

ئاق ئايدىڭ كېچە ...

سانسىزلىغان يۇلتۇزلار كوزلىرىنى چىمىلدىتىپ، تەبەسسۇم قىلاتتى.

يول ياقىسىدىكى سۇۋادان تېرەكلەرنىڭ قارامتۇل، كوكۇش يوپۇرماقلىرى، ئاستا سىپاپ ئوتۇۋاتقان يېنىك شامالدىن شىلدىرلىماقتا. چاسا، دۈگىلەك ۋە ئۇچ بۇرجەكلىك گۈللۈكلەردىن قىزىل، سېرىق ئەتىر گۈللەرنىڭ خۇشبۇيى ھىدى كەلمەكتە. قاشلىرىدا پىچان ۋە قىياقلار ئۇسۇپ كەتكەن كىچىك ئېرىقلاردا سۈزۈك سۇلارنىڭ شىلقىرىشى ئاڭلىناتتى.

ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئالدىدىكى ئىگىز مۇنارىغا ئورنىتىلغان سائەتنىڭ تىلى دەل ئونىنى كورسەتكەن ئىدى. بىرنەچچە سائەتتىن بېرى دەرس تەييارلاپ ئىشخانىدىن ئەمدىلا چىققان يىگىت — تاشقىرىنىڭ سالقىن، ساپ ھاۋاسىنى كوكسى تولغىچە سۇمۇرۇپ بەكمۇ راھەتلەندى، ئاندىن تويماسلىق بىلەن ئايغا قارىدى. ئۇنىڭغا تولۇن ئاي ئاجايىپ نۇرلۇق ۋە گۈزەل كورۈندى، گويا ئۇ ئومرىدە بىر قېتىم كورۇۋاتقاندەك ... كېيىن ئۇ ئاينىڭ ئەكسلەتكۈچى شولىسىدىن يەرگە خىلمۇ - خىل خەرىتىلەرنى سىزىۋاتقان دەل - دەرەخلەرنى ۋە گۈللەرنى، ئارىلاپ مېڭىپ كەتتى. تەنتەربىيە مەيدانىدىن ئوتكەندە ئالدىدىكى فىزىكا





تەجرىبىخانىسىدا بىر يېنىپ، بىر ئۆچۈپ تۇرغان لامپۇچكىغا كۆزى چۈشتى - دە، ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى. لامپۇچكا لاپپىدا يېنىپ، لاپپىدا ئۆچەتتى. بۇ ھال خېلى بىر ۋاقىتقىچە بىرقانچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن توختىدى، ئاندىن تەجرىبىخانىنىڭ ئىچىدە پارىلداپ يېنىپ تۇرغان لامپۇچكا نۇرى كەڭ، ئازادە دەرىزىلەردىن ئەتراپقا چېچىلىشقا باشلىدى. شۇ چاغدا يىگىت تەجرىبىخانىغا قاراپ يول ئالدى. تەجرىبىخانا ئالدىغا يېتىپ كەلگەنىدە بىر قىزنىڭ ئاستا، يېقىملىققىنا ئېيتىۋاتقان ناخشىسىنى ئاڭلاپ يەنە بىردىنلا توختاپ قالدى.

سەھەردە قىچقىرىپ كەلسە،
كۆڭۈلنى ئويغىتار كاككۇك.
كېلەر پەسلى باھاردا،
ئاجايىپ خوش نىمە كاككۇك.

يىگىت تەجرىبىخانىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرۇپ ناخشىنىڭ داۋامىنى كۈتەتتى. قىزنىڭ ئاۋازى بىردەم يوقاپ كەتتى - دە، يىگىتنىڭ قەلبى تەقەززالىق ئىلكىدە پۇچىلىنىۋاتقاندا، تولىمۇ نەپىس ھالدا قايتىدىن جاراڭلىدى:

ئەگەر قىچقىرسىلەر يازدا،
دەرەخنىڭ ئۈستىدە كاككۇك!
ئۈنىڭ ئاۋازىدۇر ھەيۋەت،
جىنىڭنى ئويغىتار كاككۇك.

يىگىت ئىشىكنى بوش چېكىپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— رۇخسەتمۇ؟ — دېدى.

ئىچىدىن قىزنىڭ لېۋەنگىنە ئاۋازى ئاڭلاندى:

— كىم؟

— مەن.

قىز بىرئاز جىمىۋېلىپ جاۋاپ بەردى:

— كىرىڭ!

يىگىت ئىشىكنى ئاستا ئېچىپ، ئەدەپ بىلەن تەجرىبىخانىغا كىردى. ئۇنىڭ ئەلياتقۇ مەزگىلدە تۇيۇقسىز كىرىپ كېلىشى قىزنى ھەيران قالدۇردى بولغاي، قىز قولىدىكى تەجرىبە سايمىنىنى سۈرتۈۋاتقان ماتانى غىجىملىغىنىچە تۇرۇپ قالدى، يۈزلىرى ئوت ئالدى. كېيىن ئۇزۇن كىرپىكلىك يۇمىلاق كۆزلىرى نۇرلىنىپ، ئىللىق كۈلۈمسىرىدى. يىگىتمۇ بىمەھەل كىرگەنلىكىدىن ئوڭايسىزلاندىمىكىن - تاڭ، يۈزلىرى قىزىرىپ، يۈرىكى دۈپۈلدەشكە باشلىدى، تىلى كالۋالىشىپ، گەپكە كەلمەي قالدى. ئۇ قىزنى كۈندە نەچچە ۋاق كورۇپ تۇرمىغان بولسىدى كاشكى!؟

يىگىتنىڭ تىلى تەسلىكتە ئۈنگە كىردى:

— تېخىچە ئىشلەۋاتامسىز؟

قىز يىگىتكە لاپپىدە بىر قارىدى - دە، يەنە ئىتتىكلا كوزىنى قاچۇرۇپ جاۋاپ بەردى:

— ئەتە "يورۇقلۇقنىڭ قايتىش قانۇنى" نى ئوتمەكچى ئىدىم، ئالدىن تەجرىبىسىنى ئىشلەپ تەييارلاپ قوياي دېۋىدىم.

— ناھايىتى ياخشى قىپسىز.

— يەنە بىر ئوقۇتقۇچىمىز لىنزىدا تەسۋىر ھاسىل قىلىشنى ئوتمەكچى ئىكەن. بۇنىڭدا ھەر بىر ئوقۇغۇچى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل تەجرىبە مەشغۇلاتى ئوتكۈزۈشى لازىم ئىدى. ئۇنداق قىلمىغاندا ئۇلارنىڭ كىنو، خۋەندىڭ، رەسىم ئاپپاراتلىرىنى ئەمەلىي ۋە چوڭقۇر چۈشىنىۋېلىشىغا مۇمكىن بولمايتتى. بىزنىڭ تەجرىبىخانىمىزدا، بۇنىڭغا ئائىت تەجرىبە سايمانلاردىن پەقەت بىرسىلا بولۇپ، تېخى بۇمۇ كونا، تازا ياخشى ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئەتىگەندىن بىرى سىناق قىلىپ ئىشلەپ قىرىق ئوقۇغۇچى ئۈچۈن يېتەرلىك ھالدا ئاددى شەكىلدىكى تەجرىبە سايمىنى ھازىرلاپ قويدۇم.

— بۇنى تېخىمۇ ياخشى قىپسىز. قېنى، ئېيتىپ بېقىڭا، ئاددى شەكىلدىكى تەجرىبە سايمىنى دېگىنىڭىز قانداق بولىدۇ؟

— مەسىلەن، ئالدىڭىزدىكى ئاق تام، بىر لىنزا ئەينەك ۋە بىر شام...

— بۇنىڭ بىلەن لىنزىدا قانداق تەسۋىر ھاسىل قىلىسىز؟

— تامنى ئېكران قىلىپ، بىر قولىمىزدا لىنزا، يەنە بىر قولىمىزدا شام تۇتۇپ، ئىككى ھەسسە پوكۇس ئارىلىقىنىڭ سىرتىدا كىچىكلىتىلگەن، دۈم كۆمتۈرۈلگەن ھەقىقى تەسۋىرنى ھاسىل قىلىمىز، ياكى ئىككى ھەسسە پوكۇس ئارىلىقىنىڭ ئىچىدە ۋە بىر ھەسسە پوكۇس ئارىلىقىنىڭ سىرتىدا چوڭايتىلغان، دۈم كۆمتۈرۈلگەن ھەقىقى تەسۋىرنى ھاسىل قىلىمىز.

— ھېچ چۈشەنمىدىم.

قىز يىگىتكە قاراپ كۈلۈپ قويدى - دە، ئالدى بىلەن شامنى يورۇتتى، ئاندىن لامپۇچكىنى ئۆچۈرۈۋېتىپ دېدى:

— قېنى كورۇپ بېقىڭ.

ئۇ بىر قولىدا لىنزا، يەنە بىر قولىدا شامنى ئالدى ۋە ئىككى ھەسسە پوكۇس ئارىلىقىنىڭ سىرتىدا، كېيىن ئالماشتۇرۇپ ئىككى ھەسسە پوكۇس ئارىلىقىنىڭ ئىچىدە ھەم بىر ھەسسە پوكۇس ئارىلىقىنىڭ سىرتىدا تامنى نىشان قىلىپ تۇتتى. يىگىت قىز بىلەن يانمۇ - يان تۇرۇپ، ئۇنىڭ قولىدىكى شام يورۇقىنىڭ لىنزىدىن ئۆتۈپ تامغا چۈشۈپ كىچىكلىتىلگەن ۋە چوڭايتىلغان، دۈم كۆمتۈرۈلگەن ھەقىقى تەسۋىرنى ھاسىل قىلغانلىقىنى كۆردى - دە:

— بۇنداق بولغاندا قىرىق ئوقۇغۇچى ئۈچۈن قىرىق لىنزا، قىرىق شام بولسىلا بولىدىكەنغۇ؟ — دېدى.

— بۇنىڭ ئاددىيلىقى ۋە ئەۋزەللىكى مانا شۇ يەردە... ئەگەر لىنزىدا تەسۋىر ھاسىل قىلىش سايمىنىنى سېتىۋالماقچى ياكى ياساتماقچى بولساق، ئاز پۇل كەتمەيدۇ - دەگا، ئۇنىڭ ئۈستىگە سېتىۋالىدىغان سايمان ھازىر نەدە دەيسىز؟ ياساتتىشمۇ ئوڭاي ئەمەستە!

— توغرا، بۇ ئەمەلىي گەپ بولدى.

قىز لاپۈچكىنى يىقىۋېتىپ دېدى:

— بىزدە تەجرىبە سايمانلىرى خېلىلا يېتەرسىز. ئۆزىمىز ئىزلىنىپ ھەل قىلمىساق بولمايدۇ. بولۇپمۇ فىزىكا ئوقۇتۇشىدا قائىدە، تەجرىبە، ھېساپلاش زىچ بىرلەشتۈرۈلۈپ ئورۇنغا قويۇلمايدىكەن، ئوقۇ - ئوقۇتۇش سۈپىتىگە ھەقىقى كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ، بۇ قارىشىم قانداق؟

— توغرا، تامامەن ئورۇنلۇق.

يىگىت — قىز تەييارلاپ قويغان تەجرىبە سايمانلىرىنى كۆرۈشكە باشلىدى. شۇ پەيتتە قىزنىڭ كۆزى يىگىتكە تىكىلدى.



يىگىت قامەتلىك ھەم كېلىشكەن ئىدى. ئۇنىڭ كەڭ مۈرىسى، بۇركۇتنىڭ كۆكسىگە ئوخشاش سەل ئالدىغا چىقىپ تۇرغان بېجىرىم كۆكسى ئىگىز بويىغا يارىشىپ، ھەيۋەتلىك تۇس بېرىپ تۇراتتى، ئۇزۇنچاقراق ئەمما توشۇق كەلگەن يۈزىگە قاڭشالىق بۇرنى بىلەن ئوت چاقناپ تۇرىدىغان سېھىرلىك كۆزى باشقىچە زىننەت بېغىشلايتتى.

يىگىت تەجرىبە سايمانلىرىدىن كۆزىنى ئۈزۈپ قىزغا قارىغاندا، قىز ئىتتىكلا كۆزىنى قاچۇردى، بەلكى تارتىنىش ھېس قىلغاندۇ. نېمىگە تارتىنىدۇ؟ ئوقۇغۇچىلىرىم چۈشەنمىسە كېرەك، بۇ تارتىنىشنىڭ ھەيران قالغۇدەك يېرى يوق. جاھاندا كىشىنىڭ كۆزىگە كىشى قارىيالمايدىغان ئىشلار ئازمىتى؟ بولۇپمۇ بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشقان، چىن سۆيگۈ سەپىرىگە قەدەم تاشلاۋاتقان يىگىت - قىزلار ئۆزلىرىنىڭ كۆڭۈل سىرلىرىنى تىل بىلەن ئېيتىشالمايۋاتقان چاغلاردا، كۆزلەر ئالمىشىپ بېقىشىدۇ. بىرسى تىكىلىدۇ - يۇ، ئىككىنچىسى قاچىدۇ. مانا بۇ دەسلەپكى سۆيگۈ ئېكرانىدا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئەڭ گۈزەل، ئەڭ قىزىقارلىق كۆرۈنۈشتە! ... كۆزلەر قېچىشىدۇ - يۇ — ئەمما ھەر ئىككى يۈرەكتە بىر خىل ئوت، بىر خىل ئىنتىزارلىق گۈلخان بولۇپ يانىدۇ. ھەي كۆزلەر! ھەي كۆزلەر، ئاشۇ ئوت، ئاشۇ ئىنتىزارلىقنىڭ سىلەردە چولپاندەك يېنىپ، چىن سۆيگۈ دىلىنى ئىپادىلەۋاتقانلىقىڭلارنى كىشى بىلمىسە كاشكى!..

قىز يەرگە قارىغىنىچە ئۈنچىقمايتتى. يىگىت تەپەككۇر ھېسلىرى ئەكس ئېتىپ تۇرغان ئويچان كۆزلىرىنى قىزغا

تىكىپ تۇرۇپ، سۆزلەشكە باشلىدى:

— مەن ئويلايمەن، ئىنسان ھاياتىدا ئوتتۇز يىل ۋاقىت باردەك. بۇنىڭغا ھەيران قالماڭ! مانا شۇ ئوتتۇز يىل ھاياتنىڭ گۈلتاجىسى، قىممەتلىك دەۋرى بولغىدەك ...... قايسى ئوتتۇز يىل دېمەكچىسىز؟ نەخ يىگىرمىدىن ئەللىككىچە ...

— قالغىنىچۇ؟

— قالغىنىنى ئىنكار قىلمايمەن، ياكى بىھۇدە دەپمۇ ھېسابلىمايمەن. ئويلاپ كۆرۈڭ، تۇغۇلغاندۇقتا، ئوماق بالىلىق، شوخ ئۆسمۈرلۈك، ئۆتەتەك ياشلىق ۋە بەگ ۋاشلىق ... ئەللىكتىن كېيىنچۇ؟ قېرىلىقنىڭ كارۋانلىرى يېتىپ كەلدى دېگەن سۆز. بۇنىڭدىن شۇنداق مەنە چىقىدۇكى، ھاياتنىڭ ئاساسى ئەنە شۇ ئارىلىقتىكى ئوتتۇز يىلدا قۇرۇلىدۇ. شۇنداقمۇ - ئەمەسمۇ؟

— بۇ گەپ ئارقىلىق زادى نېمە دېمەكچىسىز؟

— دېمەكچىمەنكى، "ياشلىقتا قىلغان ئىبادەت تاشقا باسقان موھۈردەك، قېرىلىقتا قىلغان ئىبادەت قۇمغا باسقان موھۈردەك" دېگەندەك، ھەر بىر ئادەم ئاشۇ ئوتتۇز يىلدا — ياشلىق مەزگىلىدە قەيسەرلىك بىلەن ئىزلىنىش تەتقىق قىلىش، ئىجات قىلىش، ئىشلەش كېرەك، دېمەكچىمەن.

— ئەمما، مەن بۇ جەھەتتە ئۆزەمدىن رازى ئەمەسمەن، — قىز ئىختىيارسىز ھالدا قولىدىكى ماتا بىلەن شىرەنىڭ ئۈستىنى سۈرتتى - دە، ئاندىن جەينىكىنى شىرەنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، ئالدىغا چۈشۈۋالغان تۇم قارا چېچىنىڭ ئۇچىنى بىر چۆۋۈپ، بىر ئېشىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قانداقتۇ بىر خۇشاللىقتىن مەس ئىدى.

— بىر شائىر، — دېدى قىز بېشىنى ئاستا كۆتىرىپ



يىگىتكە قاراپ، — ئادەمدە بىلىم بولۇشى سوگەكتە ئىلىك بولغانغا ئوخشايدۇ" — دەپتىكەن.

— توغرا، — دەپ تەستىقلىدى يىگىت، — ئەدىپ ئەخمەت يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبە تۇلھەقايىق» دېگەن كىتاۋىدا شۇنداق دېيىلگەن ئىدى. بىلىم — ھەقىقەتەن قۇدرەتلىك. ئىنسانىيەت بىلىم ئارقىلىق تەبىئەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، موجىزىلەرنىڭ سىرىنى ئېچىپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن بەخت يارىتىدۇ.

— شۇنداق، بىلىم ئەقىلنىڭ چىرىغى، باي، ئاۋات، گۈللەنگەن ئەل قۇرۇشنىڭ ئەنگۈشتىرى.

— خوش شۇنداق ئىكەن، كۆز ئالدىمىزدا نېمە - نېمە ئىشلارنى قىلىشىمىز كېرەك؟

قىز بىر پەس ئويلىنىۋېلىپ جاۋاپ بەردى:

— كۆز ئالدىمىزدا قانداق قىلىپ ئوقۇ - ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقۇرى كۆتىرىش مەسىلىسى تۇرۇپتۇ، بۇ بىز ئۈچۈن بىرىنچى دەرىجىلىك چوڭ ئىش.

— كۆزقارىشىڭىزغا قوشۇلىمەن، نۆۋەتتە ئوقۇ - ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقۇرى كۆتىرىش مەسىلىسى مەكتەپ خىزمىتىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى.

— كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىز، ھازىر سۈپەت نېمە دېگەن توۋەن - ھە!

— راستىلا تۆۋەن، — دەپ قۇۋۋەتلىدى يىگىت ۋە قىزغا سوئال قويدى، — سىز بۇنى نېمە دەپ چۈشىنىسىز؟

— بۇنىڭدا ئاچقۇچ بىز ئوقۇتقۇچىلار، بىزدە ۋەتەن، خەلق ئالدىدا يۈكسەك مەسئۇلىيەت بولۇشى كېرەك. ئوقۇغۇچىلارنى ۋەتەننىڭ كېلىچىكى، ئۈمىدى دەپ قاراپ تەلەپچانلىق بىلەن تەربىيىلەش بىز ئۈچۈن قەرز. بىراق بىرقىسىم ئوقۇتقۇچىلار بۇ



www.uygurkitap.com

نۇقتىنى چۈشەنمەيۋاتىدۇ. ئۇلار دەرسنى ئەستايىدىل، پۇختا تەييارلاپ ياخشى ئۇتۇش، قەرەللىك ھالدا ئىمتىھان ئېلىپ خۇلاسە قىلىپ تۇرۇش، مۇۋاپىق تاپشۇرۇقلارنى بېرىپ، تەكشۇرۇپ، يېتەكچىلىك قىلىش، دەرستىن سىرتقى كورژۇكلارنى قۇرۇپ، تەربىيلەپ ئوستۇرۇش، ئەلاچىلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە تېخىمۇ ئىلھام بېرىش، دەرستە ئاجىز ئوقۇغۇچىلارغا كونكرېت ياردەم بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە پۇختا ئەمەس.

قىز سەل تىنىۋالدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى باياتىندىن بېرىقى تارتىنىش ھىسسى ئەمدى قاياققىدۇر تاراپ كەتكەندەك ئىدى. ئۇ، ئۇزىچە كۈلۈپ كەتتى - دە، قوشۇپ قويدى:

— "سامساق ئاكام قايناپدۇ" دېگەندەك ئۇزەمچىلا قايناپ كەتتىممۇ - نىمە؟

— دېگەنلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار، — دېدى يىگىت باشقىچە روھلىنىپ، — گەرچە ھازىر قىلىۋاتقان بولساقمۇ، ئومۇمى كەيپىياتقا ئايلىنالمايۋاتىدۇ. "يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس،" بىز ئورتاق ھالدا ئوقۇ - ئوقۇتۇش سۈپىتىنىڭ يۇقۇرى پەللىسگە قاراپ غولاچ تاشلىشىمىز كېرەك.

يىگىت بۇ گەپنى قىلىۋاتقاندا، قولىغا ئېلىپ ئويناپ ئولتۇرغان دولقۇن لامپا پولغا چۈشۈپ كەتتى - دە، چۇل - چۇل بولۇپ كەتتى. يىگىت خىجىللىقىدىن نىمە قىلارىنى بىلمەي، ئۇنچىقماي تۇرۇپ قالدى. قىز چوچۇپ، لامپىنىڭ پولدا چېچىلىپ ياتقان سۇنۇقلىرىغا قاراپ ئىختىيارسىز "ۋىيەي" دەۋەتكىنىنى سەزمەي قالدى. ھەقىقەتەن لامپا قىممەت باھالىق، دېگەن ۋاقىتتا تاپقىلى بولمايدىغان لامپا ئىدى. بىراق يىگىتنىڭ خۇددى گۇناكار كىشىدەك تېخىچە لامپا سۇنۇقلىرىغا قارىغىنىچە بېشىنى كوتەرمەي



تۇرغانلىقىنى كورۇپ، كوڭۇل ئىزلەپ كۈلۈمسىرىدى. كېيىن لامپا سۇنۇقلىرىنى بىر چەتكە سۈپۈرۈپ يىغىشتۇرۇۋەتتى. ئاندىن شىرەنىڭ بىر تەرىپىگە يولىنىپ ئورە تۇردى - دە:

— كېرەك يوق، ئۇنچىۋالا خىجىل بولماڭ، — دېدى مۇلايىملىق بىلەن.

— تازىمۇ بىر كېلىشمىگەن ئىش بولدىغۇ، — دېدى يىگىت.

— كېلىشمىگەن ئىشنى قىلىپ قويۇپ ئەمدىزە... قويۇڭ، ئەمدى ئۇنىڭغا كەلمەيدۇ، — دېدى قىز.

يىگىت قىزنىڭ سەممىي قەلبىنى چۈشەندى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ كوڭلى ئىسمىن تاپمىدى:

— بۇ كوپنىڭ مۈلكى، مېنىڭچە ئورنىغا كەلتۈرۈپ قويۇش كېرەكقۇ، دەيمەن؟

— سىز...؟

— مەن بولماي...

— مەنچۇ، — دېدى قىز تېرىككەندەك بولۇپ، — ھازىر تەجرىبە سايمانلىرىنى ساتىدىغان دۇكاندىن بۇ خىل لامپىنى تاپقىلى بولمايدۇ. كېيىنچە بىرنى سېتىۋېلىپ سەپلەپ قويارمىدىن.

يىگىت ئۇنچىقمىدى. بۇ قىزنى رەنجىتىشنى خالىمايتتى. شۇڭا يانچۇغىدىن تاماكا قۇتىسىنى ئېلىپ:

— چېكىشكە رۇخسەتمۇ؟ — دېدى.

— رۇخسەت سورىدىڭىزمۇ؟ ئۇنداقتا رۇخسەت يوقتە...

— ئۇنداق بولسىمۇ مەيلى، تەجرىبىخانا ئەمەسمۇ؟

— تاۋى نازۇك، ئانچىكىم دەپ قويدۇم! — دېدى قىز نازلىق كۈلۈپ، ئۇ كۈلگەندە ئاپپاق سەدەپتەك چىشلىرى پارقىراپ كەتتى. توغاچتەك ئىككى مەڭزىدىكى زىناقلار لېپىدە پەيدا

www.uyghurkitap.com

بولۇپ، يەنە لېۋىدە ئىنىپ كەتتى،

يىگىتنىڭ قەلبىنى قىزنىڭ رۇخسارىدىن يېغىۋاتقان بىر گۈزەل نۇر چۈلغىۋالغان ئىدى. نېمىشقىدۇر ئۇ يەنە بىر ئاز ھودۇقۇشقا باشلىدى. قىز بولسا تارتىنىش ئىلكىدە قىزىرىپ كېتىۋاتاتتى...

ئىخ... يىگىتلەر، قىزلار! ئۇلارغا نېمە بولدىكىن دەپ ھەيران قالماڭلار، بۇلار يۈرەك سىرلىرىنى ئېيتىشالمايۋاتىدۇ. كۆڭۈل رىشتىنىڭ ئەڭ گۈزەل ۋە يېقىملىق تارتىش كۈچى ئۇلارنى بىر-بىرىگە تارتىۋاتىدۇ-يۇ، بىراق مۇشۇنداق چاغلاردا بولىدىغان تارتىنىش سەزگۈسى ئۇلارغا توسالغۇ بولۇۋاتىدۇ... لېكىن يۈرىكىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا مۇقەددەس بىر ئوتنىڭ لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغانلىقىنى ئۆزلىرى بىلىشىدۇ. بۇ ئوتنى مەن ياخشى كۆرىمەن. بۇنداق ئوت ئەجداتلىرىمىزدىن مىراس قالغان. بۇ ئوت بىزدە بولغاندەك كەلگۈسىدىكىلەردىمۇ بولىدۇ. بۇ ئوت تارىختىن-تارىخقا ئۆتۈپ، ئەسىرلەرنى بىر-بىرىگە چېتىپ ئالەمنى گۈللەندۈرگۈچى مۇقەددەس ئوت...

— گەپ قىلمامسىز؟ — دېدى يىگىت ھودۇقۇشنى زورىغا يېڭىپ.

— نېمە دەيمەن، گەپ تۈگىدىغۇ؟

— ئۇنداقتا بىر ناخشا ئېيتىپ بەرمەمسىز؟

— قىزىقسىز-دە، مەن ناخشا ئېيتالايتتىممۇ؟

— ھىلىقىسى نېمىتى؟

— ئۆزەڭچىلا، "قاغىلار قاق ئېتىدۇ، ئۆز كۆڭلىنى خوش ئېتىدۇ" دېگەندەك... — قىز بېرىپ دەرىزىنى ئېچىۋەتتى. كېچىنىڭ ئىللىق سالقىنى تەجرىبىخانىغا ئېقىپ كىرىشكە باشلىدى.

قىز دەرىزە ئالدىدا تۇرۇپ ئۆزىچە ئويلايتتى: ئاجايىپ... ئۇنى بۇ كېچىدە قايسى شامال بۇ يەرگە ئۇچۇرۇپ ئېلىپ كىردىكىن، ئۇ مېنى راستىنلا ياخشى كۆرەمدىكىن، بۇ ياخشى



كۆرۈش خىزمەتداشلىق، دوستلۇقتىمىكىن ياكى مۇھەببەتتىمىكىن! ئېھتىمال ئۇ مېنى ياخشى كۆرسە كېرەك. بۇ ياخشى كۆرۈش دوستلۇق يىلتىزىدىن ئۈنۈپ چىققان مۇھەببەت گۈلىنىڭ غۇنچىلىشى بولسا كېرەك. بولمىسا، يېقىندىن بۇيان نېمىشقا ئۇ ماڭا قارىسىلا ئۆپكىدەك ئىسسىلىپ، چىلاندەك قىزىرىپ كېتىدۇ ۋە مەن بىلەن گەپلەشسىلا تىلى كالۋالىشىپ قالىدۇ!... — ئۇ شۇ پىكىرلەرنى بىر قۇر ئويىدىن ئۆتكۈزۈپ ئايغا قارىدى. تولۇن ئاي ئۇنىڭغا خۇش تەبەسسۇم قىلاتتى. ئۇ، گۈللۈككە تىكىلدى. يېنىك شامالدا لەرزان يەلپۈنۈۋاتقان ھەر خىل گۈللەر ئۇنىڭغا سالام بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ، تېرەكلەرگە سەپسالدى. سانسىزلىغان تەڭگە ياپراقلار ئۇنىڭغا سۆيۈنگەندەك چاۋاك چېلىشاتتى.

يىگىت قىزغا قارايتتى...

تەبىئەتمۇ ئاجايىپ سىرلىق نەرسىدە! ئۇ، شۇنچىلىك سېخى ۋە شۇنچىلىك بېخىلكى — ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. چۈنكى ئۇ، بەزىلەرگە پۈتۈن گۈزەللىكنى ئاتا قىلىۋېتىدۇ، يەنە بەزىلەرگە بولسا ئۆتۈپ كەتكەن مومسۇقتە!...

مانا ئۇ بىزنىڭ قىزىمىزغا ئۆز قۇچىقىنى شۇنچىلىك يوغان ئېچىۋەتكەنكى، پۈتۈن گۈزەللىكنى قىلچە ئېلىپ قالماي بېرىۋەتكەندەك؛ بىزنىڭ قىزىمىز غۇنچە بوي، سۇلۇق نوتىدەك، قاشلىرى قىيغان قەلەمدەك، كۆزلىرى كىرپىك، قويكۆز، پىستە بۇرۇن، ئاغزى ئويماقتەك، لەۋلىرى پىيازنىڭ پوستىدەك نېپىز ۋە گىلاستەك قىزىل، ئىككى مەڭزىدىن قان تېمىپ تۇرغاندەك، رۇخسارى ئاق سۈزۈك...

يىگىت قىزنىڭ گۈزەللىكىدىن لەززەتلەنگەن ئىدى.

— شۇنداق قىلىپ ناخشا ئېيتىپ بەرمەمسىز؟

قىز لېۋەنگىنە كۈلۈپ قويدى.
— ئەمسە مەن ئېيتىپ بەرسەم ئاڭلامسىز؟
— چىن قەلبىمدىن.

خۇش كۈندۈر، سائادەتتۇر،
كىشى جانانىغا يەتسە.
چېكىپ جەۋرۇ - جاپالارنى،
كوزى مەستانىغا يەتسە.

يىگىت ناخشىسىنى يېقىملىق ئاھاڭ بىلەن سالماق ھالدا ئوقۇپ بولۇپ دىدى:
— قانداق، يارامدۇ؟
— ئەسلىدە ناخشىچى ئەمەسمۇسىز.
— ناخشىچى دەڭ، ئەمما، ناخشىنى بىكاردىن - بىكارغا ئېيتمايمەندە!
— نىمىگە ئېيتىسىز؟
— ناخشا يۈرەكنىڭ ئەلچىسى ئەمەسمۇ؟!
دەرىزىنى يېپىۋاتقان قىز پەسكىدە كۈلۈپ قويۇپ سائىتىگە قارىدى - دە، دىدى:
— كېتەيلىمىكىن، سائەت دەل ئونبىر بوپتۇ.
ئۇلار تەجرىبىخانىدىن چىقىپ، ياتاقىقا كېتىۋېتىپ ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئوقۇتقۇچى كېرىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.
— ئوھوي، — دىدى كېرىم، — بۇ تەڭ كېچىدە ئىككىڭلار قەيەردىن كېلىۋاتىسىلەر؟
— ئىشتىن، — دەپ جاۋاپ بەردى يىگىت.



— ئىشتىن؟! مۇشۇنداق تەڭ كېچىدە - ھە!
— تېخى تەڭ كېچە بولمىغاندۇ؟ بىز ياش ئوقۇتقۇچىلار ئۇچۇن ۋاقىتنى قەدىرلەپ كۆپرەك ئۆگىنىشكە، ئىشلەشكە توغرا كېلىدىكەن.
— شۇنداق، ياشلار ئۇچۇن ئۆگىنىدىغان، ئىشلەيدىغان ئىشلار كوپ - دە ...
— بىلىم بىر دېڭىز بولسا، بىزنىڭ بىلىدىغىنىمىز ئۇنىڭ بىر تامچىسى، بەلكى ئۇنىڭغىمۇ توغرا كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كوز ئالدىمىزدا ئوقۇ - ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقۇرى كوتىرىشتىن ئىبارەت بىر مۇھىم ئىش تۇرۇپتۇ. بۇنداقتا ئۆگەنمەي، ئىشلىمەي بولامدۇ؟
— بىراق ياشلار ئۇچۇن ئۆگىنىدىغان، ئىشلەيدىغان يەنە باشقا ئىشلارمۇ بار - دە ...
قىز ئۈنچىقمايتتى. يىگىت كېرىمنىڭ ھەر بىر ئېغىز سوزىگە كۈلۈپ تۇرۇپ، تەمكىن جاۋاپ بېرەتتى.
— بىز ئۆگىنىشكە، ئىشقا پەرۋانە ئىكەنمىز، ئوزلىرىنىڭ "باشقا ئىشلار" دىگەنلىرى نىمىكىن - تاڭ!
— شۇنداق، مەسىلەن، مۇھەببەت.
— مۇھەببەت دىسىلە؟ مۇھەببەت ... ھەي، ھەي، مۇھەببەت ياخشى، مۇقەددەس نەرسىغۇ! ئائىلىگە، ۋەتەنگە، خەلققە، ئاتا - ئانىغا، مېھنەتكە، قىسقىسى ھاياتقا بولغان مۇھەببەت.
— يەنىچۇ؟
— يەنە ئېيتايمۇ؟ ئاشىق - مەشۇقلار مۇھەببىتى ...
— شۇنداق، مەسىلەن، ئىككىڭلاردەك - ھە؟
قىز بۇ گەپنى ئاڭلاپلا ياتاققا قاراپ مېڭىپ كەتتى، يىگىت كېرىمگە قاراپ يەنە بىر كۈلۈپ قويدى - دە، قىسقىلا قىلىپ:

— بۇ مۇھەببەتمۇ ئەگەر ھەقىقى ۋە ئۆز پەسلىدە بولىدىكەن، ھەرگىزمۇ ئەيىبلىك ئەمەس، — دەپلا قىزنىڭ ئارقىسىدىن كىتىپ قالدى.

— ھەي ياشلار، ھەي، توختاڭلار، — دىدى كىرىم، — مۇنداقلا چاخچاق قىلىپ قويدۇم ...

يىگىت بىلەن قىز ياتاقنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئاي چىكتىكلەشكەن بولۇپ، ئۇنىڭ سۈتتەك نۇرلىرى تەبىئەت دۇنياسىنى سويگەن ئىدى. ياتاقنىڭ ئالدىدىكى كىچىك كولدە يەنە بىر ئاي ئۈزۈپ يۈرەتتى.

— خوش ئانار، كىچىڭىز خەيرلىك بولسۇن! — دىدى يىگىت قىزنىڭ مىھرىۋان كوزىگە تىكىلىپ.

— خوش قادىر، ياخشى ئۇخلاپ، كۇڭۇللۇك چۈش كورۇپ، سالامەت قوپقايسىز! — دىدى قىزمۇ يىگىتكە ئۇماققىنا قاراپ.



# ئىككىنچى باپ

قادىرنىڭ ئۇزۇنغىچە ئۇيقۇسى كەلمىدى.

ئۇ، ئەپچىل، ئازادە ياتىقىغا ئاپپاق نۇر چېچىپ، خۇددى كۈندۈزدەك يورۇتۇپ تۇرغان لامپۇچكا ئەترابىدا باغرىنى نۇرغا يېقىپ پىرىلداپ ئۇچۇپ يۈرگەن پەرۋانىلارغا قاراپ: "ئىخ ... ئاشىقلار! ئىخ ... ئوت ۋە نۇرلاردىن لەززەت ئالغۇچى چىن سويگۈنىڭ پىداكارلىرى! ئۇچۇڭلار، ئويناڭلار!" — دەپ چىن قەلبىدىن زوقلىناتتى. ئانار بىلەن بولغان بۈگۈنكى كىچىككىنە سوھبەت خاتىرىسى، ئۇ ئۇزۇندىن بېرى قەلبىدە يوشۇرۇن ساقلاپ كەلگەن بىر تۈگۈنچەكنى يېشىۋەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۇچقۇر ئوي - پىكىرلىرى ئانار بىلەن تونۇشقاندىن تارتىپ بۈگۈنگىچە بولغان ئۇنتۇلماس تارىخ بەتلىرى ئۈستىدە چاپاتتى. ئويناق يۈرىكى يېقىملىق ھىس دولقۇنىغا چۈمۈلگەن ئىدى. شوخ خىيال قۇشلىرى شىرىن ئارزۇلار كوكىدە قانات قېقىپ پەرۋاز قىلاتتى

قادىر بىلەن ئانار تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىككى يىل بىر سىنىپتا ئوقۇغان ئىدى. قادىر سىنىپ باشلىقى، ئانار ئۆگىنىش ھەيئىتى ئىدى. ئۇلار ئالىي مەكتەپكىمۇ بىللە باردى، مانا ئەمدى قىسمەت شامالىرى ئۇلارنىڭ خىزمەت ئورنىنىمۇ بىر مەكتەپكە باغلىغان ئىدى.

ئۇزۇن بىللىق ساۋاقداشلىق ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تەبىئى دوستلۇقنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى.

ئۇلار كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۆز قەلبىنى دوستلۇقتىن باشقا بىر تۇيغۇنىڭ ئىگەللەيدىغانلىقىنى قىلچە ھېس قىلىشمايتتى.

ئىخ ... ھايات ئاجايىپ بىر كومېدىيىگە ئوخشايدۇ - دە! ... بەزىدە، بەلكى تولا چاغلاردا ياتلىق تونۇشۇشقا، تونۇشۇش يېقىنلىققا، يېقىنلىق دوستلۇققا، دوستلۇق مۇھەببەتكە ئورۇن بوشىتىپ بېرىدۇ. شۇنداق بىر چاغلار كېلىدۇكى، مۇھەببەت سەزگۈسىدىن قىلچە بىخەۋەر يۈرەكلەردە سۆيگۈ چاقماقلىرى چېقىلىشقا باشلايدۇ، ئوت پەيدا بولىدۇ. يالقۇنلايدۇ. بۇ يالقۇنلارنىڭ نەپتى كۈچلۈك نۇر چاچىدۇ. مانا قادىر بىلەن ئانارمۇ چوڭ بولغانسېرى ئۇلارنىڭ يۈرىكىدىكى دوستلۇق پىلتىسىگە بىر تال مۇھەببەت ئۇچقۇنى چاچراپ كەتتى ۋە بۇ ئۇچقۇن ئاستا - ئاستا يالقۇنغا ئايلاندى. بۇ يالقۇن ئالدى بىلەن كىمنىڭ قەلبىدە ياندىكىن!؟ بۇنىڭغا سۆيۈملۈك كىتاپخانلىرىم بىر نىمە دىسۇن.

قادىر ئالى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدا ئەتىيازدا ئوتكۈزۈلگەن يېنىك ئاتلىتكا مۇسابىقىسىدە، گۈزۈنغا سەكرەش جەريانىدا تېيىلىپ كېتىپ، پۇتى ئوشۇقىدىن سۇنۇپ، مەكتەپ دوختۇرخانىسىدا يېتىپ قالدى. شۇ كۈنلەردە ئانار ئۇنى ھەر كۈنى دىگۈدەك سوراپ، يوقلاپ تۇردى ۋە قادىرنىڭ سىنىپداشلىرى بىلەن كۈنلىكى ئۇقۇشۇپ ئوتۇلگەن دەرسلەرنىڭ كانسپېكتىنى ۋاقتى - ۋاقتىدا ئەكىلىپ بېرىپ تۇردى.

بۇ، تازا چىرايلىق باھار مەزگىلى ئىدى. قادىر قىزىلگۈلنى تولىمۇ ياخشى كورەتتى، ئۇنىڭ بۇ ھىسسىياتىنى ئانارمۇ ياخشى چۈشىنەتتى، چۈنكى قادىر بۇ ھەقتە ئانارغا بىرقانچە قېتىم سوزلەپ بەرگەن ئىدى. قادىرنىڭ يەتتە ياش چاغلىرى



ئىدى، ئۇ ئانىسى بىلەن ئىشىك ئالدىدا ئولتۇراتتى، تام خوشىنىسى بولغان بىر ئايال بىر تال قىزىلگۈلنى قولىغا قىستۇرۇپ چىقىپ قالدى، بۇ گۈل قادىرنىڭ كوزىگە گويا لاۋىلداپ يېنىپ تۇرغان قىپ - قىزىل يالقۇندەك كورۇنۇپ، ئۇنىڭ بالىلارغا خاس قىزىقىش سەزگۈسىنى غىدىقلىدى، ئۇ گۈلنى تالاشتى، بىراق ھېلىقى ئايال ئاڭلىماسلىققا سېلىپ، يەنە بىر خوشنىسىنىڭ ئويىگە كىرىپ كەتتى. قادىر يىغلىدى، يىغلىغانىدىمۇ پۇتلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ، ئۆزۈنىچە ئىسەدەپ يىغلىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئانىسى بىلەن يېزىدىكى تاغىسىنىڭ ئويىگە چىقتى. بۇ قىزىلگۈللەر راسا ئېچىلىشقا باشلىغان ۋاقىت ئىدى.

قادىر تاغىسىنىڭ ئويىدىكى پۇرەكلەپ ئېچىلىپ كەتكەن قىزىلگۈللەرنى كورۇپ خوشاللىقى ئىچ - ئىچىگە سىغماي قالدى. بالىنىڭ گۈل ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى كورگەن تاغىسى مەسلىكى كەلگەن ھالدا: ”ھە، ئوغلۇم، سەنمۇ بىزگە ئوخشاش گۈلخۇمار ئىكەنسەن - دە، بوپتۇ، مۇنۇ بىر تۇپ گۈلنى توپىسى بىلەن ئېلىپ، ھويلاڭغا كوچۇرۇپ ئالغىن“ — دىدى. قادىر ئىنتايىن خوش بولدى. دىگەندەك قايتىشىدا تاغىسى بەرگەن ھېلىقى قىزىلگۈلنى يىلتىزى بىلەن يوغان قومۇرۇپ ئېلىپ كەتتى - دە، ھويلىسىغا كوچۇرۇپ قويدى ۋە كۈنىگە نەچچە قېتىم سۇ قۇيۇپ پەرۋىش قىلدى. كۆز كۈنلىرى ئۆز قەرەلىدە كومۇپ، ئەتىيازلىقى ئاۋايلاپ ئاچتى. گۈلگە ھېرىسمەن بۇ كىچىك گۈلچىنىڭ قولىدا پەرۋىش تاپقان بۇ گۈل يىللارنىڭ ئوتۇشى بىلەن ئوسۇپ، باراقسان بولۇپ، ھويلىنى بىر ئالدى. قارايدىغان بولسىڭىز ھەر باھاردا ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن قىپ - قىزىل گۈللەر ئەتراپقا

خۇشپۇراق چېچىپ تۇراتتى. قادىر مۇشۇ گۈلنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ دەم ئالاتتى، ئۆگىنەتتى، بەزىدە گۈللەرگە قاراپ ئۇزاق-ئۇزاق تۇرۇپ كېتەتتى. ئۇ، ھەر باھاردا بىر قۇچاق قىزىلگۈلنى تاللاپ ئۈزۈۋېلىپ ئانا مەكتىۋىگە ئېلىپ باراتتى-دە، ئوقۇتقۇچىسىغا، ساۋاقداشلىرىغا سوۋغا قىلاتتى ۋە ھەر بىرەيلەنگە گۈل تۇتقاندا "بەختىڭىز مۇشۇ گۈلدەك پورەكلەپ ئېچىلىپ كەتسۇن"، دېگەندەك سۆزلەر بىلەن كۆڭلىگە مەلھەم بېرەتتى. خوشنىسى بولغان ھېلىقى ئايال قادىرلارنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ قالغۇدەك بولسا قىپ-قىزىل چوغدەك يېنىپ تۇرغان گۈللەرگە قاراپ زوقلىناتتى ۋە خالىغىنىدىن بىر تالنى ئۈزۈۋېلىپ قولىغا قىستۇرۇۋالاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئايالنىڭ كۆز ئالدىدىن ئاشۇ بىر چاغدىكى كىچىككىنە بىر ۋەقە لىپلا قىلىپ ئۆتۈپ كېتەتتى-دە، ئۆز-ئۆزىدىن خۇدۇكسىنىپ كېتەتتى. قادىر كېيىنكى چاغلاردا خاتىرە دەپتىرىگە قىزىلگۈل توغرىسىدا مۇنداق بىرنەچچە قۇر تەسىراتىنى يېزىپ قالدۇردى: "قىزىلگۈل، — دەپ يازغان ئىدى ئۇ، — بارچە گۈللەر سەرخىلى، ئۇنىڭ بەرگى نوۋەي ۋە سىلىق بولۇپ، بويىغا يېتىپ رەسىدە بولغان قىزلارنىڭ قامەت سىياقىغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ غۇنچىسىنىڭ ئاستىدا ئازراق يىرىك تىكىنى بولۇپ، بۇ، ئۇنىڭ ئۆزىنى ياتلاردىن قوغدايدىغان قورالى، ئۇنىڭ پورەكلىرىنىڭ باغرى تىلىم-تىلىم، ياپراقلىرى تالا-تالا بولۇپ، ئەزەلدىن ھەقىقى چىن سۆيگۈ ۋە ئەركىنلىكنىڭ سىمۋولى ھەم ئەلچىسى بولۇپ كەلدى. ئۇنىڭ رەڭگى قاندەك بولۇپ، خۇددى قىزىل يالقۇندەك لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ پۇرىقى تەبىي مەزىلىك، خۇشبۇي بولۇپ، كىشىلەرنى بەكمۇ ھوزۇرلاندۇرىدۇ. شۇڭا ئۇنى قىز-جۇگانلار ئېزىزلاپ قولىغا، يىگىتلەر، ئەرلەر ئەتىۋالاپ چېكىسىگە قىستۇرىۋالىدۇ. كىشىلەر شان-شەرەپ تۇمارى سۈپىتىدە ئۆز قەھرىمانلىرىنىڭ كۆكرىكىگە تاقىشىدۇ".

ئانار بازاردىن بىر دەستە قىزىلگۈل بىلەن ئىككى پارچە كىتاپ سېتىۋېلىپ قادىرنى يوقلىدى. ئانارنىڭ بۇ چېچەنلىكى قادىرنى تولىمۇ ھاياجانلاندۇرغان ئىدى. ئۇ گۈللەرگە قاراپ زوقلىناتتى. كىتاپلارغا قاراپ سۆيۈنەتتى. ئۇنىڭ خىيالىدىن غىل-پال قىلىپ: "ئىخ ئاي يۈزلۈك گۈزەل رەنا، ئىسىخ ئەقىلىنىڭ بابىدا دەنا! مەن سەن بىلەن ئۆزەمنى بەختلىك ھېساپلىسام دوستلۇق ئالدىدا ئەدەپسىزلىك بولارمۇ؟" — دېگەن بىر پىكىر ئۆتتى. يۈرىكىدە بولسا بىر پارچە ئوت ئۇچقۇنداپ ئانارغا قارىغانسېرى ئۇلغىيىشقا باشلىغان ئىدى. شۇڭا ئۇ ئالدىدىكى گۈلدەستە ئىچىدىن پىيالىدەك يوغان، قىپقىزىل بىر گۈلنى تاللىۋېلىپ دېدى:

— مەن ئويلايمەن، بۇ ئالەمدىكى كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن ئەڭ چوڭقۇر ئورۇن ئالىدىغان گۈل مانا مۇشۇ قىزىل قانغا ئوخشاش قىزىلگۈل. مەن قىزىلگۈلنى كۆرگىنىمدە، سەھەر شەپەقلىرىگە ئوخشاش يېلىنجاپ تۇرغان ئۇلۇغۋار ھېسسىياتقا چۆمۈپ كېتىمەن.

ئۇ قولىدىكى قىزىلگۈلنى بۇرنىغا يېقىن ئەكىلىپ ئارقا-ئارقىدىن پۇرىدى، ئاندىن يەنە ئاۋايلاپ جايىغا قويۇپ قويدى. كېيىن كىتاپتىن بىرنى ئېلىپ ۋاراقلاپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— بۇ ئالەمدىكى كىشىلەرنىڭ دىلىغا ئەڭ پارلاق نۇر چاچىدىغان نەرسە كىتاپتۇر... كىتاپ — قەلب مەشئىلى، ئەقىلنىڭ چولپىنى. ھايات، كۈرەش، بەخت توغرىسىدا دەرس



بەرگۈچى تالانتلىق ئۇستاز. كىتاب — ئىنسان ياراتقان بار-
لىق موجىزىلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ چوڭقۇر ۋە ئۇلۇغ موجىزە...
ئۇ ئانارغا قارىدى. ئانار بولسا ئۇنىڭ ئالدىدا مانا مۇشۇ
قىزىلگۈلدەك ئېچىلىپ، كىتاپتەك نۇر چېچىپ، گويا ماھى پە-
رى پەيكەردەك ئولتۇراتتى. شۇڭا ئۇ چەكسىز خوشاللىق
بىلەن يەنە مۇنداق دېدى:

— سىز مېنى مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىككى نەرسە بىلەن يوقلاپ كەپسىز. گۈلنى پۇرىسام چەكسىز لەززەتلىنىمەن، مۇنۇ كىتاپنى ئوقۇسام تولۇپ تاشقان قۇدرەت تاپىمەن. رەھمەت سىزگە. تولىمۇ رەھمەت!



ئۇ، ئاناردىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى. ئانارنىڭ كۆزلىرىدىن خوشاللىق ئۇچقۇنلىرى يالقۇنلايتتى. بۇ ئۇچقۇنلار قادىرنىڭ قۇياشتەك تازا، ياش يۈرىكىنى غىدىقلاپ، نازۇك ئەكىلەتمەكتە ئىدى.

ئانارمۇ خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە ئۇخلىيالمىدى. ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە بابا قادىرنىڭ: "ناخشا يۈرەكنىڭ ئەلچىسى ئەمەسمۇ" — دېگەن سۆزى ئاڭلىنىپ، ئۇنى چوڭقۇر ھاياجانغا سالاتتى ۋە لەززەتلىك خىيال دېڭىزىدا ئۈزدۈرەتتى ......

يازلىق تەتىل، قادىر بىلەن ئانار ئۆيلىرىگە بىر ماشىنىدا قايتىشتى. بىر ئورۇندا جۈپ ئولتۇرۇشتى. يولبويى ماشىنا قايسى بىر بېكەت ۋە شەھەرلەرگە كېلىپ توختىغاندا قادىر ئالدى بىلەن ئانارنى ياتاققا ئورۇنلاشتۇراتتى. ئەتىگەندە ماشىنا ماڭىدىغان چاغدا ئۇ يەنە ھەممىدىن بۇرۇن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئانار ياتقان ياتاققا كىرىپ، ئۇنىڭ سومكىلىرىنى كۆتىرىشىپ ماشىنىغا ئېلىپ چىقاتتى. ماشىنىدا ئولتۇرغىنىدىمۇ ئانار بىلەن ئارىلىقتا بىرئاز بوشلۇق قالدۇرۇپ ئولتۇراتتى. تاماكا چېكىشكە توغرا كەلسە سوراپ چېكەتتى.

بىر كۈنى قىزىق بىر ۋەقە بولۇپ ئۆتتى.

ماشىنا كەچقۇرۇن بىر بېكەتكە كېلىپ توختىدى. قادىر بىلەن ئانار ماشىنىدىن چۈشكەندىن كېيىن، ئانار سومكىلارنى ساقلاپ تۇردى، قادىر ياتاق بېلەتى سېتىۋېلىشقا كەتتى. شۇ چاغدا، بىرنەچچە كۈندىن بېرى بۇلار بىلەن ھەمسەپەر بولۇپ كېلىۋاتقان بىر ياش بىزەڭلىك بىلەن ئانارغا چاخچاق قىلدى:

— جاھاندا ئۆزىنى مەرتلەر قاتارىغا قويۇشنى خالايدىغان يىگىت-قىزلار، بىراۋلارنىڭ لەۋزىنى يەردە قويۇشنى خالىمايدۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇندىن ئاۋال ئىككى قېتىم گەپ قىلسام ئۈن دىمىدىڭىز، ئۈچىنچى قېتىم ئېغىز ئېچىپ ئولتۇرۇپتىمەن، ماڭا بىرلىكتە يىگەچ بىر ئاز پاراڭلاشمايسىز مۇ؟

ئانار ئۈنچىقمىدى.

— بىراۋلارغا گەپ قىلماسلىققا قەسەم ئىچكەنمىدىڭىز-يە، گەپ قىلمامسىز، جانان قىز؟

ئانار بۇ ياشقا سوغاقسىدىنا بىر قاراپ قويغاندىن كېيىن، مېڭىدا كۈلۈپ قويۇپ جاۋاپ بەردى:

— سىزنىڭ ئەڭ ئاددى ئەخلاقىنىمۇ خەۋىرىڭىز بولمىسا كېرەك، "ئەقىلغا ئىشارەت، نادانغا جۇۋالدۇرۇز" دىگەن تەمسىلنى ئاڭلىمىغانمىدىڭىز، ئەگەر بىلگىچىلىكىڭىز بولىدىغان بولسا، گەپ قىلمىغانلىقىم — ناتونۇش بولسىڭىزمۇ ئىنسانلىق قەدرى-قىممىتىڭىزگە ھورمەت قىلغانلىقىم، سىز راستىنلا ئەخمەقلىشىپ قېلىۋاتسىز، ...

— سىز نىمە دىسىڭىزمۇ مەيلى، مەن ئەيىپكار ئەمەسمەن، ئەمما كۆڭلۈم...

ياتاق بىلىتىنى سېتىۋېلىپ بولۇپ يېنىپ كەلگەن قادىر بۇ ياشنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قالغان ئىدى. ئۇ يەنە بۇنىڭ ئانارغا يولسىزلىق قىلغان ئەدەپسىز چاخچاقلىرىنىمۇ ئەسلىدى. شۇڭا مۇشۇ پۇرسەتتە تەربىيە ئۈچۈن ئازراق تەنبىھ بېرىپ قويۇشنى لايىق كۆردى:

— يولداش، — دىدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — سىزنىڭمۇ سىڭىللىرىڭىز باردۇ، مەن بۇ سۆزنى باشقىچە مەنىدە ئەمەس، ۋىجدانەن ئېيتىۋاتىمەن، تەكرارلاي، سىزنىڭمۇ سىڭىللىرىڭىز بولسا كېرەك، ئەمدى ئۇلارغا بىراۋلار ئەدەپسىز چاخچاق قىلىپ ئويلاپ بېقىڭ، سىز قانداق قىلغان بولاتتىڭىز؟ سىلىق ئېيتاي، ئۇنىڭ قەلبىنىڭ، ھەركىتىنىڭ، سۆزىنىڭ گۈزەل بولۇشىدا. با-



باياتىنقى دىگەن ئاشۇ لاۋزا گەپلىرىڭىزدىن سىزنى نىمە دەپ چۈشىنىش كېرەك؟

ھىلىقى ياش ئۆپكىدەك ئىسسىلىپ، پوكانىدەك قىزىرىپ، تۇرغان ئورنىدا داڭ قېتىپ قالدى. قادىر ئۇنىڭغا قاراپ ئېغىر ھالدا بىر خۇرسىنىپ قويدى-دە:

— يۈرۈڭ، ئانار! — دەپ سومكىلارنى كۆتەرگىنىچە ياتاق تەرەپكە قاراپ مېڭىپ كەتتى.

مانا شۇ چاغدا ئانار قادىردىن چەكسىز تەسىرلەندى. ئۇ ئۆز كۆڭلىدە: "بىلىمگى كۈچلۈك بىرنى يېڭەر، بىلىمى كۈچلۈك مىڭنى" دىگەن شۇ-دە، نىمە دىگەن ئىلمەي-ھە! ... قېنى ئانار، سەن ئۆزەڭنى بۇنىڭغا لايىق كۆرسەڭ ئۇ نىمە دەيدىكىن؟" — دەپ ئويلايتتى. بۇ ئوي ئۇنى ئويلىغانسىرى ئەڭ يالقۇنلۇق بىر ئوت ئىچىگە ئېلىپ كىرمەكتە ئىدى.

ئانار خىيالدىن ئۆزىنى يىغدى. ئۇ ئۆزىچە كۈلەتتى ... شۇ كېچە ئىككىسى قاچاندا ئۇخلاپ قالدىكىن، تاڭ! ... مۇشۇ كىچىككىنە ئىككى خاتىرە ھەر ئىككىسىنىڭ يۈرىكىنى بىر-بىرىگە باغلايدىغان ئالتۇن يىپقا ئايلىنىپ قالغان ئىدى.

# ئۈچىنچى باپ

ھەر كۈنى كەچ يېتىپ، سەھەر تۇرۇشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن قادىر بۈگۈنمۇ ھەممىدىن بۇرۇن قوپۇپ مەيدانغا چىقتى. ئەتراپقا قاراپ، تەبىئەتنىڭ بۈگۈنكى گۈزەللىكىدىن بەكمۇ ھوزۇرلاندى.

كېچە ياققان ئازراق يامغۇر ئۇزۇندىن بېرى پوپۇس توپا ئۆرلەپ كەتكەن قۇرغاق ۋە ئاچ زېمىنغا چىپپىدە سىڭىپ كەتكەن. يەر-جاھان تەكشى سۇ سېپىلگەندەك، دەل-دەرەخ ۋە گۈللەرنىڭ ئۈستىدىكى چاڭ-توزاڭلار يۇيۇلۇپ قىزىلى قىزىل، يېشىلى يېشىل، سېرىقى سېرىق بويىچە يالتىرايتتى.

ئىخ... يامغۇردىن كېيىنكى نەمكۈپ، ئىللىق ساپ ھاۋانى دېمەمسىز؟! خۇددى ئەتىر-دە، ئەتىر!...

قادىر ئۆز-ئۆزىگە: "ساپ ھاۋا تەنگە داۋا" — دېدى-دە، ئەتىگەننىڭ ھاۋاسىنى كۆكسى تولغىچە سۈمۈرۈپ، ۋۇجۇدى يايرىغاندەك بولدى. ئاندىن ئۇ يۈگۈرەشكە باشلىدى. ئايلانمىسى تۆت يۈز مېتىرلىق تەنتەربىيە مەيدانىنى بىرنەچچە قېتىم ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن، بىر پەس ئاستا مېڭىپ ئۆزىنى سەگىتتى. ئارقىدىن گىمناستىكا ئوينىدى. كېيىن ئۇدۇل ئىشخانا تەرەپكە كەتتى.

داڭ چېلىنىپ، بىر كۈنلۈك مەكتەپ ھاياتى باشلاندى. نەچچە يۈزلىگەن ئوقۇغۇچىلار تەنتەربىيە مەيدانىغا يىغىلىپ، سىنىپلار بويىچە رەتلىك تىزىلىپ يۈگۈرەشتى، گىمناستىكا ئوينىدى. كەينىدىن بىر سائەتلىك ئەتىگەنلىك ئىختىيارى مۇزاكىرە باشلاندى-دە، بۇ ئىلىم-مەرىپەت بوستانىنىڭ خۇش-ناۋا بۇلبۇللىرى ئانا مەكتەپنىڭ كەڭ، گۈزەل، ئىللىق قۇچىقىغا يېيىلىپ كەتتى. گايىبىرلىرى گۈللۈك ۋە چىمەنلىكلەر ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ، يادلاشقا تېگىشلىك مەزمۇنلارنى يادلايتتى، گايىبىرلىرى يوللارنىڭ يانلىرى ۋە گۈللەرنىڭ ئەتراپىغا قويۇپ قويۇلغان ئۇزۇن-ئۇزۇن ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇيتتى، كونسپېكتلىرىنى كۆرۈشەتتى. گايىبىرلىرى يەرلەرنى جىجىلاپ تەبىي پەنلەردىكى فورمۇلا، مەسىلە-مىساللار، شەكىل، جەدۋەللەرنى مەشىق قىلاتتى. يەنە گايىبىرلىرى قوللىرىنى قەلەم، ھاۋانى قەغەز قىلىپ تۇرۇپ، قانداقتۇ بىر نەرسىلەرنى ئۆگىنەتتى. ئاۋۇ كۆلنىڭ بويىدىكى بوستانلىقتا ئولتۇرغان ئىككى ئوقۇغۇچى قىزغىن مۇلاھىزە قىلىشاتتى:

— قاراڭ! — دەيتتى قارا مۇتۇق، دوغىلاقىنا كەلگەن ئوقۇغۇچى ئادىل، — ھازىر پۈتۈن مەكتەپ ھەقىقىي ھالدا جانلىنىپ كەتتى. مۇتلەق كۆپ سانىدىكى ئوقۇغۇچىلاردا ئۆزلۈكىدىن تىرىشىپ ئۆگىنىدىغان جانلىق، يېڭى كەيپىيات يارىتىلدى. بۇ نېمە دېگەن ئىلگىرىلەش-ھە؟

— توغرا، — دەيتتى ئاق-سېرىق، زىلۋا بويلۇق ئوقۇغۇچى چىمەن، — بۇ يېڭى دەۋرنىڭ ساۋاقداشلار قەلبىدە يېڭىچە ئىنتىلىشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقانلىقىدىن بولۇۋاتىدىغۇ، دەيمەن. ئەسلىدە ئىلىم-پەن كەلگۈسىنىڭ بەخت-سائادەتلىك، چوڭ ۋە قۇدرەتلىك بولۇش يولىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ قو-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

رال بولۇپ، بۇ قورالنى قولغا ئېلىش بىز ياشلارنىڭ بۇرچىمىز ئىدى، ئەمما ...

— ھە، ئەمما ... دەيسىزغۇ؟

— ئۆزىڭىزگە مەلۇم، ئۆتكەن بىرقانچە يىللار ئىچىدە، ھەي! ... كىمدە - كىم ئىلىم - پەن ئۆگىنىشكە ئىجتىھات قىلسا ياكى باشقىلارغا تىرىشىپ ئۆگىنىش ھەققىدە تەشەببۇس قىلسا، "ئاق مۇتەخەسسىسلىشىش يولىغا ماڭغۇچى" دەپ قارىلىپ، كالتەكلەندى. "ئوڭدا ياتقان گىردە يە، كەتمەن چاپقان جىگدە" دېگەندەك ئىمتىھاندا ئاق قەغەز تاپشۇرغان پۇرسەتپەرەسلەر ئېزىزلاندى. جاپا چېكىپ ئۆگىنىپ، ئىزلىنىپ تەتقىق قىلىپ نەتىجە ياراتقانلار خورلاندى. كۆپلىگەن ياش - ئەزىمەتلەر ئالدىنىپ زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى ...

— تازا لىللا گەپ قىلدىڭىز، مانا ئاشۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ بىرسى مەن. دادام قارا - تۇرۇك ئادەم ئىدى. تولا چاغلاردا ماڭا: "بالام، ھازىر ئوقۇيمەن، دەپ مېڭەڭنى ئۇپراتما! نى - نى ئوقۇمۇشلۇق، دانىشمەن كىشلەرنىڭ ھالى - كۈنىنىڭ نېمە بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپسەن، ..." دەيتتى. بۇ گەپ ماڭىمۇ خۇددى قوي يېغىدەك ياقاتتى - دە، مەكتەپكە خالىسام بېرىپ، خالىمىسام بارمايتتىم، ئەمدى شۇنىڭ زىيىنىنى تازا تارتىۋاتىمەنمۇ، بولمىسا شۇنچە تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتقان تۇرۇقلۇق، نېمە ئۈچۈن ئىمتىھان نەتىجەم يەنىلا تۆۋەن؟!

— مېنىڭ دادامۇ ئانچە ئوقۇمۇشلۇق كىشلەردىن ئەمەس، ئەمما ماڭا ھەمىشە: "بالام، بىلىم دېگەن گۆھەرگە ئوخشايدۇ. ئۇنى تەكچىگە قويۇپ قويساڭمۇ، يەرگە كۆمۈپ قويساڭمۇ بەرىبىر پاقىراپ تۇرىدۇ. ياخشى ئوقۇغىن، شۇندىلا داداڭ سەندىن رازى بولىدۇ" — دەيتتى. مەنمۇ دادامنىڭ نەسىھەتىگە ئەمەل قىلىپ، تىرىشىپ ئۆگىنەتتىم، ئەمدى نەتىجىسىنى كۆرۈۋاتىمەن. ھازىرغىچە ئىمتىھان نەتىجەم توقساندىن يۇقۇرى بولماقتا.

ئىككىسى بىرئاز جىم بولۇپ قېلىشتى. كېيىن بۇندىن كېيىنكى ئۆگىنىش پىلانلىرى ئۈستىدە ئېچىلىپ - يېيىلىپ پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشتى.

قادىر ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇپ، بۈگۈن ئۆتىدىغان دەرسىنى قايتا بىر قېتىم كۆزدىن كەچۈرۈش بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئۇ، ئۆتىدىغان ئەسەرنىڭ دەۋر شارائىتى، ئاساسىي مەزمۇنى، تەپسىلىي تەھلىلى، كونكرېتنى مىساللار ئۈستىدە چوڭقۇر باش قاتۇرۇپ ئويلايتتى، ئانالىز قىلاتتى. ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ قىياپەت، تىل - ھەركەت، پسىخىك تەسۋىرلىرى، ئەسەردىكى ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي مۇھىت تەسۋىرلىرى ... قاتارلىقلارنى بىر - بىرلەپ قاراپ چىقىپ پىششىقلايتتى. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە: "دەرس تەييارلىقى — ئوقۇتۇش خىزمىتىدىكى تۇنجى قەدەم ۋە مەركىزىي ھالقا، بۇ قەدەمنى پۇختا بېسىش ۋە بۇ ھالقىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك" — دەيتتى.

ئىشخانىنىڭ ئىشىكى بوشقىنا چېكىلدى.

— كىرىڭ، — دەپ رۇخسەت قىلدى قادىر.

ئىشىكنى ئاستاغىنا ئېچىپ ئادىل كىردى.

— كېلىڭ، ئولتۇرۇڭ!

ئوقۇتقۇچى ئىشارەت قىلغان ئورۇندۇققا ئادىل تولىمۇ تارتىنچاقلىق بىلەن كېلىپ ئولتۇردى ۋە يەرگە قارىغىنىچە تىرناقلىرىنى كولاپ تۇرۇپ سۆز كۈتتى.

— بىرەر ئىش بىلەن كىرگەنمىدىڭىز؟ — قادىر مۇلايىملىق بىلەن سورىدى.

— يەنە شۇ ئۇتكەنكى گەپ، مۇئەللىم.
— يەنە شۇ ...؟
— مەن كوپ ئويلاندىم. چامامچە يېتىشەلمەيدىغان ئوخ-
شايمەن، — ئادىل بىر پەس جىم بولۇپ قالدى.
— قېنى سوزلەۋېرىڭ! — دەپ رىغبەتلەندۇردى قادىر.
— خەلقنىڭ ئاش - نېنىنى بىكارغا يەيدىغان ئوخشاي-
مەن، — دەپ سوزىنى داۋاملاشتۇردى ئادىل، — كېيىن خى-
جىللىقتا قالغىنىچە، هازىرلا چېكىنىپ كەتكىنىم ياخشىدەك ...
قادىر خىلىغىنىچە ئادىلنىڭ مەيۇسانە هالىتىگە سەپسېلىپ
قارىدى. يىگىرمە ياشلاردىكى يۇۋاش، توز كوڭۇل بۇ ئوقۇغۇ-
چى تېخىچە بېشىنى كوتەرمەي ئولتۇراتتى.
— ئۇكام ئادىل، مەن ئوتكەندىمۇ سىزگە ئېيتقان ئىدىم،
ئەتراپلىق ئويلاپ كورۇڭ، ئائىلىڭىزنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا،
سىز شۇ ئائىلىدىن تۇنجى قېتىم ساۋاتلىق بولۇپ، ئىلىم ئۇ-
گىنىپ، مەدىنىيەتكە قەدەم تاشلىغان ئەۋلات ۋە يېڭى تارىخنى
سەھىپە ئاچقۇچى بىر تاللا ئامەتلىك ئۇرۇق. خەلق يارىتىپ
بەرگەن بۇ ياخشى پۇرسەتنى قولىڭىزدىن بېرىپ قويسىڭىز
بولارمۇ؟!
ئادىل جىم ئىدى. قادىر سوزىنى داۋاملاشتۇردى:
— خەلق ئىچىدە: "ئەندىشىنىڭ ئېتى — قورققاق" دىگەن
بىر تەمسىل بار. سىزنى قورقۇتۇۋاتقان نەرسە ئەنە شۇ. ئۇ-
گىنىش — جەڭ، بەلكى تولىمۇ مۇشەققەتلىك جەڭ. جەڭدىن
قورققان جەڭچىنى ياخشى جەڭچى دىگىلى بولمايدۇ. كىشىدە
قىيىنچىلىقنى مەنسىتمەيدىغان، ئارقىدا قېلىشقا تەن بەرمەيدى-
غان بىر جاسارەت بولۇش كېرەكتە!
ئادىل تېخىچە بېشىنى كوتەرمەيتتى. قادىر ئوزىنىڭ ئورۇن-



دۇغىنى ئۇنىڭ يېنىغىراق سىلجىتىپ دىدى:
— ماڭا قاراڭ، ياخشى ئاتقا قامچا لازىم ئەمەس. سىزدە
بۇ يېقىندىن بېرى خېلىلا ئىلگىرىلەش بار. سىز ئوزىڭىزنىڭ
بۇ ئالاھىدىلىكىڭىزنىمۇ كورۇشىڭىز كېرەك.
— ئانچە چوڭ ئەمەس، مۇئەللىم.
— ھەر نەرسە كىچىكتىن چوڭىيىدۇ، ئۇمىتۋار بولۇڭ. ئۈ-
مىت كىشىنى ياشنىتىدۇ. مەن ئوقۇتقۇچى، سىنىپ مەسئۇلى
ئىكەنمەن، سىزنى جەزمەن يېتىشتۇرۇپ كېتىمەن. ئۇنداق قىلال-
مىسام مەن ئۇچۇنمۇ نومۇس ئەمەسمۇ؟ سىزمۇ بىجانىدىل تىرى-
شىڭ، ماقۇلمۇ؟
ئادىل ئويچان كوزلىرى بىلەن قادىرغا قارىغىنىچە نىمە
دىيىشىنى بىلمەي تۇراتتى. قادىر شىرەنىڭ تارتمىسىدىن بىر
پارچە كىتاپنى ئېلىپ، ئادىلغا ئۇزاتتى:
— بۇ كىتاپ مەندىن سىزگە خاتىرە بولسۇن، ئوقۇپ
بېقىڭ.
ئادىل ماقۇلغا ئىشارە قىلىپ، بېشىنى لىڭشىتتى.
بىرىنچى سائەتلىك دەرسكە داڭ چېلىندى. قادىر ئىلمىي
ئىشلار باشقارمىسىنىڭ مەشغۇلىيەت باشقۇرۇش ئىشخانىسىدىكى
يوغان تاش ئەينەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇستىۋاشلىرىنى تۈ-
زەشتۇردى. ئاندىن سىنىپ ژورنىلى بىلەن دەرسلىك ماتېرىيال-
لىرىنى قولتۇغىغا قىستۇرۇپ، سىنىپقا قاراپ ماڭدى. ئۇ سىنىپ-
قا كىرگەندە، سىنىپ باشلىقى چىمەن ئوقۇغۇچىلارغا:
— ھورمەت! — دەپ كوماندا بەردى.
ئوقۇغۇچىلار بىردەكلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقان ئىدى. قا-
دىر ژورنال ۋە دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى شىرەنىڭ ئۇستىگە
قويۇپ:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— سالام، ساۋاقداشلار! — دېدى.

ئوقۇغۇچىلار دولقۇنلۇق ھەم تەكشى ئاۋاز بىلەن جاۋاپ قايتۇردى:

— سىزگىمۇ سالام. مۇئەللىم!

— ئولتۇرۇڭلار!

ئوقۇغۇچىلار جاي - جايىغا ئولتۇرۇشتى. قادىر ئوقۇغۇچىلارنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقاندا، ئەڭ ئاخىرقى پارتىدا، — ئوقۇغۇچىلار قاتارىدا ئولتۇرغان تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ئالىم ئاكىغا كۆزى چۈشتى ۋە كاللىسىدىن "تۇيۇقسىز دەرس تىڭشىغىلى كىرىپتۇ - دە" دېگەن پىكىرنى ئۆتكۈزۈۋالدى. ئاندىن سىنىپ ژۇرنىلىنى ئېچىپ، سىنىپ باشلىقىدىن سورىدى:

— ئوقۇغۇچىلار تولۇقمۇ؟

— تولۇق، — دەپ جاۋاپ بەردى سىنىپ باشلىقى.

قادىر دەرس پىلان دەپتىرىگە قاراپ بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئىسمىنى چاقىردى:

— شاكىرجان!

— بار، — دەپ ئورنىدىن تۇردى ئاق پىسمىلاقسىنا بىر ئوقۇغۇچى.

— سىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوت يۈرەك، تالانتلىق ئىنقىلابىي شائىرى — لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «ياشلىق ئۆگەن» — دېگەن شېئىرىنى يادقا ئوقۇپ بېرىڭ! ئوقۇغۇچى قەددى - قامىتىنى رۇسلىۋېلىپ، كىيىمنى بىر قېقىۋەتكەندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچىغا قاراپ، شېئىرنى دولقۇنلۇق، ئىنتوناتسىيىلىك دېكلاماتسىيە قىلىشقا باشلىدى:

ياشلىق تىرىش، تىرماش، ھارماي ئۆگەن،
ئىلىمنىڭ دېڭىزى قايناق ھەم چوڭقۇر.



نادانلىق ئۇ — ھەممىنى بىلدىم دېگەن،
كۆرۈپ ۋاراقلاپلا بىر قۇر.

...................................

ئۇنىڭ ئاۋازى بىردىنلا پەسلەپ، رۇخسارى چوڭقۇر تەپەككۇر تۈسىنى ئالدى.

ئويلىساڭ ياشلىق — قىسقا سېنىڭ ئۆمرۈڭ،
تاڭدا چېچەكلەپ، گويا كەچتە قۇيرۇلىدۇ.
دىماققا خۇش پۇراق چېچىپ گۈللىرىڭ،
كۆزنى ئېچىپ يۇمغاندەك تۇيۇلىدۇ.

...................................

ئۇ يەنە چىرايىنى جىددىي ئۆزگەرتىپ، جۇشقۇن ھېسسىيات بىلەن كۆتىرەڭگۈ ئاھاڭدا داۋام قىلدى:

ياشلىق چاقماقسەن، چېقىپ ئۆچسەن،
ئەۋرىشىم چېغىڭ بۇ، ئۆگەنگىن - ئۆگەن.
قاراڭغۇ دىل چۆلىگە بىر كۈن چۆكسەن،
ئادەم بولۇش دۇلدۇلىغا سالمىساڭ يۈگەن.

...................................

ئوقۇغۇچى شېئىرنى ئوقۇپ بولغاندا، سىنىپ گويا چىۋىن ئۇچسا ئاڭلانغۇدەك جىمجىتلىققا چۆكۈپ، ئوقۇغۇچىلار نازۇك، چوڭقۇر ھېسسىياتلارغا چۆمۈلگەن ئىدى. ئالىم ئاكا ھە دەپ بېشىنى لىڭشىتىپ تەبەسسۇم قىلاتتى. مېڭىسىدە بولسا: "ياخشى

ئۇستازدىن ياخشى شاگىرت يېتىشىپ چىقىدۇ، — دىگەن شۇ
دە“ — دىگەن پىكىر كېزىپ يۈرەتتى. قادىر بۇ ئوقۇغۇچىدىن
يەنە ئىككى سوئال سورىغاندىن كېيىن:

— ياخشى، نومۇرىڭىز يۈز!... داۋاملىق ئالغا بېسىڭ! — دىدى.

ئۇ يەنە بىر ئوقۇغۇچىدىن سىناق ئېلىپ نومۇر قويۇپ بولۇپ:

— سىزنىڭ نومۇرىڭىز ئاتمىش بەش، كوڭۇل قويۇپ ئوب-دان ئۈگىنىڭ! — دىدى.

ئۇ، بۈگۈن ئۆتىدىغان يېڭى دەرسنى باشلىدى:

— بۈگۈن، — دىدى ئۇ دوسكىغا تېمىنى يېزىۋېتىپ، — «سۇ پەرىسى» دىگەن ھىكايە ئۆتۈلىدۇ. ئالدىن ھىكايىنى ئوقۇي-مىز، ئاندىن ئاغزاكى ھىكايە قىلىمىز. سىلەر دىققەت قىلىپ ئاڭلاڭلار، مەن بىر قېتىم ئوقۇپ، ھىكايە قىلىپ بېرەي.

ئۇ، ھىكايىنى ئوقۇشقا باشلىدى ...

ئۇ ھىكايىدىكى بايان، تەسۋىر، لىرىكا، مۇھاكىمە، چۈشەندۈ-رۈشلەرنى چوڭقۇر ھاياجان بىلەن ئوقۇيتتى. ھىكايە پېرسوناژ-لىرىنىڭ دىئالوگ، مونولوگلىرىغا كەلگەندە، ئەرلەرنىڭكىنى ئەر-لەرچە، ئاياللارنىڭكىنى ئاياللارچە تەلەپپۇز قىلاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئوقۇغۇچىلار كۈلۈشۈپ كېتەتتى. ئۇ بولسا:

— نېمىشقا كۈلىسىلەر؟! بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا بىر خىشچى بولغان ئىكەن، ئۇ بىر قېتىم ناخشا ئېيتقاچ خىش قۇيۇۋاتقان ئىكەن، يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر يولۇچى ئۇشتۇمتۇت كەلگىنىچە خىشچىنىڭ خىشلىرىنى دەسسەپ-دەسسەپ چەيلە-ۋېتىپتۇ. بۇنىڭدىن دەرغەزەپ بولغان خىشچى ھېلىقى يولۇچى-نىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ: "ھەي، قانداق نېمە سەن؟ ئەتكەندىن بۇيان مىڭ بىر مۇشەققەتلەر بىلەن قۇيغان خىش-



لىرىمنى بۇزۇپ تاشلىدىڭغۇ؟“ — دەپتۇ. يولۇچى بولسا ئۇ-نىڭدىنمۇ بەكرەك غەزەپ بىلەن: "ھوي دىتسىز، مېنىڭ يۈ-رەك-قېنىمنى سەرپ قىلىپ يېزىپ چىققان ناخشامنى سەنمۇ نىمە ئۈچۈن بۇزۇپ ئوقۇيسەن؟“ — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ-دە، ياقىسىنى بىر سىلكىپ خىشچىنىڭ قولىدىن ئاجرىتىۋېلىپ ئۆز يولىغا راۋان بولۇپتۇ. خوش، دىمەكچىمەنكى، بۇ بىر ئە-دىبىي ئەسەر ئىكەن، تولۇپ تاشقان ھىسسىيات بىلەن خاراك-تىر بويىچە ئوقۇش كېرەك. ئىنتايىن ياخشى بولغان بىر ئەدى-بىي ئەسەرنى ياخشى ئوقۇيالمىساق، تەسىرى يوق، جانسىز بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ، — دەيتتى.

ئۇ، ھىكايىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاغزاكى ھىكايە قىلىشقا باشلىدى ... ئۇنىڭ قىياپىتى خۇددى سەھنىدە رول ئويناۋاتقان ئەرتىسلەرگە ياكى ئۇستا مەدداھلارغا ئوخشايتتى، ئۇ گاھ ۋاقىرايتتى. بىردىنلا پەسلەپ كېتەتتى، بەزىدە كۈلەت-تى، ئىللىق تەبەسسۇم قىلاتتى ياكى چىرايلىرى تۈرۈلۈپ، كۆزلىرى غەزەپتىن چاقناپ كېتەتتى. يەنە ھەيرانلىقتا داڭ قېتىپ قالاتتى، ئويچان ھالدا يىراققا تەلپۈنەتتى.

ئوقۇغۇچىلار گويا مۇستەھكەم قاتۇرۇپ قويغان ئالتۇن ھەي-كەلدەك مىت قىلماستىن ئۇنىڭغا تىڭشىلىشكەن ئىدى..

ئالىم ئاكا ئۈچقۇر خىيالغا بېرىلگەن بولۇپ، ئۇ ئاللىقاچان "سۇ پەرىسى" دەپ ئاتالغان تېخنىك قىزنىڭ قېشىغا كېتىپ قالغان ئىدى. ئۇ سۇ پەرىسى بىلەن بىللە تاغ يېرىپ، ئوس-تەڭ چېپىپ "پايناپ" يېزىسىغا ئابى-ھايات باشلاپ كەل-مەكتە ئىدى.

ئىككىنچى سائەتتە ھىكايىنىڭ بىرقانچە مۇھىم ئىبارىلىرىنى بىرنەچچە ئوقۇغۇچىغا بولۇپ-بولۇپ، نۆۋەت بىلەن ئوقۇ-

تۇپ، ھېكايە قىلدۇرۇپ پىششىقلىدى. تېرمىنلار، مۇرەككەپ سۆزلەر ۋە ئاتالغۇلار توغرىسىدا ئىزاھات بەردى.

ئۈچىنچى سائەتتە ھېكايە ئۈستىدە تەھلىل ۋە مۇزاكىرە ئېلىپ باردى.

ئۈچ سائەتلىك دەرس جانلىق ۋە تەسىرلىك ئۆتۈلگەن ئىدى. بۇ دەرستىن ئالىم ئاكىنىڭ يۈرىكى ئويناپ كەتتى. ئۇ ئۆز ئىچىدە: خۇيمۇ دادىسىنى دوراپتىغۇ! بەلكى "ئاۋالقى قۇلاقتىن كېيىنكى مۈڭگۈز ئېشىپ كېتىپتۇ" دېگەندەك، دادىسىدىنمۇ ئۇستىداتلىق، سەنئەتلىك ئوقۇتقۇچى بولۇپ يېتىشىپ چىقىدىغاندەك، — دەيتتى.

ئۇ دەرستىن كېيىن ئوقۇتۇش تەتقىقات گۇرۇپپىسىنىڭ ئىشخانىسىدا قادىر بىلەن خېلى ئۇزۇنغىچە سۆزلەشتى:

— دەرسنى ياخشى ئۆتتىڭىز، — دېدى ئۇ، — نىمە دەپ تەرىپلىسەم بولاركىن! ھە، بۈگۈن ئادەمنىڭ يادىدىن مەڭگۈ چىقمىغۇدەك بىر مەيدان ئويۇن قويدىڭىز، خەلق ئىچىدە مۇنداق تەمسىل بار ئىكەن: "ئۆيۈڭ ھېيتتىكىدەك بولسا، بالاڭ پاخلان ۋاقتىدىكىدەك." مەن ئېيتىمەن: دەرس مانا مۇشۇ بۈگۈنكىدەك بولسا... ھەممىمىز دەرسنى سىزگە ئوخشاش قىتىرقىنىپ تەييارلاپ، سىزگە ئوخشاش زوقمەنلىك بىلەن ئۆتىدىغان بولساق، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە گەپ يوق-تە! — ئۇ بىرئاز تۇرۇۋېلىپ داۋام قىلدى. — ئۈچ سائەتلىك دەرس تەييارلىقىغا نەچچە سائەت ۋاقىت كەتتى ۋە قانداق تەييارلىق قىلدىڭىز؟

— ئاۋال ئەسەرنى تەپسىلى، ئىنچىكە ئوقۇپ چىقتىم، ئاندىن بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچە ماتېرىياللارنى كۆردۈم، ئىككىسىنى سېلىشتۇرۇپ، ئانالىز قىلدىم، مۇھىم نۇقتىلارنى بەل-



گىلىدىم. مەزمۇنلۇق، ئىخچام كونسپېكت تۈزدۈم، پىلان تۈزۈپ، ئوقۇتۇش باسقۇچلىرىنى ئورۇنلاشتۇردۇم. مۇشۇ ئىشلار ئۈچۈن يەتتە سائەت ۋاقىت كەتتى.

— مانا، مانا، بۇ قالتىس روھتە! بىر ئوقۇتقۇچى ۋەتەن، خەلق ئالدىدا مۇشۇنداق مەسئۇلىيەتچان تۇيغۇدا بولۇش كېرەك. چۈنكى، ئۇلار ئۆز ئۈمىدىنى بىزگە تاپشۇرغان. —

ئالىم ئاكىنىڭ سۆزلىرى ئىشخانىدا دەرس تەييارلاپ، تاپشۇرۇق تەكشۈرۈپ ئولتۇرغان بىرنەچچە ئوقۇتقۇچىنىڭمۇ دىققەت-ئېتىۋارىنى تارتقان ئىدى. ئۇلار ئۆز كۆڭۈللىرىدە رازىمەنلىك بىلەن "خوبدان گەپ بولۇۋاتىدۇ" — دېيىشىپ تەستىقلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. شۇڭا بىر ئوقۇتقۇچى سۆز قىستۇرۇپ قوشۇمچە قىلدى:

— گېپىڭىزنى بولۇۋەتتىم ئالىم، — دېدى ئۇ، — مەن كىشىنى ئالدىدا ماختاشنى ياخشى كۆرمەيتتىم، ئەمما كۆرگىنىمنى، ئەمەلىيەتنى دېمىسەم بولماس... قادىرنىڭمۇ ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ ياكى مەغرۇرلىنىپ كېتىشىگە ئىشەنمەيمەن: ئۇكام قادىر، ياخشى ئىلگىرىلەۋاتىسىز، سىز ئىز باسىدىغان ئەۋلات بولۇشىڭىز كېرەك ئىدى، راستىنلا ئىز بېسىۋاتىسىز، ئالىمنىڭ سۆزىگە قوشۇپ قوياي، ئۆتكەندە "ۋەتەنگە سۆزۈم" دېگەن شېئىرنىمۇ ماھىرلىق بىلەن ئۆتتىڭىز، شېئىرنى پۈتۈنلەي يادلاپ، ھەركەتلىك دېكلاماتسىيە قىلىپ بەردىڭىز. يەنە شۇ شېئىرنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا شېئىرىي ئوبراز، شېئىرىي نۇتۇق ھەققىدە قىسقا، ئەمەلىي چۈشەنچە بېرىپ چوڭقۇر تەسىر قوزغىدىڭىز. بۇنىڭغا ئۇلاپلا شېئىر يېزىش مەشقى ئويۇشتۇرۇپ، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى زىچ بىرلەشتۈردىڭىز...

— توغرا، — دېدى ئالىم ئاكا، — ئۇ دەرسىمۇ بىر



www.uyghurkitap.com

موجىزە بولغان ئىدى. قادىر ئۇكام، مەن سىزنىڭ داۋاملىق ئالغا بېسىشىڭىزغا تىلەكداشمەن.

پىشقەدەملەرنىڭ ئىشەنچلىرىگە نىمە دەپ جاۋاپ بېرىشنى بىلمەي، چەكسىز ھاياجاندا ئولتۇرغان قادىر ئىككى ئېغىز سۆز بىلەن ئىپادىسىنى بىلدۈردى:

— بىزدە "ئەرنى ئۈمىتكە ياراتقان، قوينى قۇربانلىققا" دېگەن تەمسىل بار ئىكەن. ھەرقايسىلىرىنىڭ سۆزلىرى مېنى ئۈمىتلەندۈرمەكتە، ئۇستازلارنىڭ ئۈمىدىنى جەزمەن ئاقلاش ئىشەنچىسىدىمەن...

ۋاقىت يۈگۈرۈك ئاتتەك چېپىپ، سائەتلەر - سائەتلەرنى قوغلاپ، بىر كۈنلۈك دەرس ئاياقلاشتى. قادىر ئىختىيارى ھەركەت ۋاقتىدا بولىدىغان "دەرستىن سىرتقى ئەدەبىيات گۇرۇپپىسى" نىڭ ئۆگىنىش ۋە پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. ئالىم ئاكا ئوقۇغۇچىلار ئارا ھەپتىدە بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان "سۆز مۇسابىقىسى" نىڭ پىلانىنى تۈزۈشكە كىرىشتى. كېرىم ئالدىدىكى دەرسلىك ۋە ماتېرىياللىرىنى يىغىشتۇرۇپ، شىرەسىنىڭ تارتمىسىغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن، بىر تال تاماكا ئورىدى - دە، چاقمىغى بىلەن تۇتاشتۇرۇپ، ئارقا - ئارقىدىن ئۈزمەي قاتتىق شورىدى ۋە ئالدىدىكى تاماكا قالدۇقلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەن كۈلدانغا تاماكىنىڭ كۈلىنى قاقتى. ئاندىن ئىشخانىغا كۆز يۈگۈرتۈپ، ئالىم ئاكىدىن باشقا ھەممەيلەننىڭ چىقىپ كېتىپ، ئىشخانىنىڭ خالىي قالغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن سورىدى:

— بىرئاز ۋاقتىڭىز بارمىدۇ، ئالىم؟

— گېپىڭ بارمىدى؟

— ھەئە، ئازراقلا.



— ئىشىمنى كېيىنگە قالدۇرسامۇ بولىدۇ، سۆزلە.

— مەن، — دېدى كېرىم تاماكىسىنى يەنە بىر شورىۋېلىپ، — ئېيتمايمۇ دېۋىدىم، ئەمما يولداش يولداشقا مەسئۇل، ھەممىمىز ئىنقىلاپقا دېگەندەك... ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا بولغان مەسئۇلىيەتلىك تۇيغۇم، قىسقىسى ۋىجدانىم بىر مەسىلىنى ئېيتىشقا ئۈندەۋاتىدۇ.

ئۇ ئالىم ئاكىنىڭ كۆزىدىن بىرەر ئىپادە ئىزلىمەكچى بولغاندەك تىكىلىپ قارىدى. ئاكا ئالىم بولسا قولىدىكى قەلەمنى پىقىرىتىپ ئوينىغىنىچە خىيالچان ھالدا ئولتۇراتتى.

— بۇ قېتىمقى باسقۇچلۇق سىناقنى خۇلاسە قىلغاندا، — دەپ داۋام قىلدى كېرىم، — قادىر دەرس بەرگەن ئىككى سىنىپنىڭ ئومۇمىي نەتىجىسى سەكسەن بەش نومۇردىن يۇقۇرى بولۇپ، مەكتەپ بويىچە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا ئۆزلەشكەن. ئەگەر راستىنلا شۇنداق بولىدىغان بولسا، ئالقىشلاشقا ئەرزىيدۇ. لېكىن...

— ھە، ئېيتە، لېكىن دېگىنىڭچۇ؟ — دەپ سوئال قويدى ئالىم ئاكا.

— ئۇ بالىدا مۇبالىغىچىلىق باردەك قىلىدۇ.

— مۇبالىغىچىلىق؟

— ھەئە.

— بىرەر ئاساسىڭ بارمۇ؟

— ئاساس دېسەڭ...

— قېنى، بولسا سۆزلىگىن.

— ئەمىسە، سەنلا ئاڭلاپ قالغىن، ئۆتكەندە قادىر ئىمتىھان قەغەزلىرىنى تەكشۈرۈپ بولۇپ شىرەسىنىڭ ئۈستىدە قويۇپ قويغان ئىكەن، ئۆز ئارا بىر تەجرىبە ئالماشتۇرۇپ بېقىش خە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يالىمدىن كېچىپ، ھە، بۇ نىيىتىمنى سەنمۇ باشقىچە چۈشىنىپ قالمىغىن يەنە. ئۇزئارا ئۆگىنىش ئارزۇسى بىلەن بىرقانچە قەغەزنى كۆرۈپ باققان ئىدىم، مولچىرىمچە ھەر بىر قەغەزگە كەم دىگەندە بەشتىن ئونغىچە نومۇرنى ئوشۇق قويۇۋېتىپتۇ. ئۇنداق بولغاندا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تېشى پال - پال، ئىچى غال-غال، نامى ئۇلۇق، سۈپىرسى قۇرۇق بولۇپ قالىدۇ - دە.

— بەشتىن ئونغىچە دىگىن؟

— شۇنداق، ۋىجدان بىلەن ئېيتسام، بۇنداق قىلىش قىسقىسى ۋەتەننى، خەلقنى، ئەۋلادلارنى، ئۆزىمىزنى ئالداش، ساختىپەزلىكتە!

ئوتتۇرا بوي، يۇمىلاق يۈز، كەڭ پېشانىلىك ئالىم ئاكا بىلىمىنىڭ ھەر تەرەپلىمە ۋە كۆپلۈگى، ئوقۇتۇش سەنئىتىنىڭ ئاجايىپ دەرىجىدە ئۈستۈنلۈگى، كەڭ قوساق، خۇش چاقچاق، چىقىشقاق خىسلەتلىرى بىلەن كۆپنىڭ ئالدىدا ئابرويلۇق ئىدى. ئۇ، بىر كىشىنىڭ بىرەر ئىشتا نەتىجە قازانغانلىقىنى كۆرگەندە، شۇ كىشىدىنمۇ كۆپرەك خۇشال بولاتتى. يەنە ھەمىشە: "ياشلارغا كۆڭۈل بۆلۈشىمىز كېرەك، ياشلار ئەلنىڭ ئۈمىدى، بۇ نۇقتىنى ئۇنتۇپ قالىدىغان بولساق، خەلق ئالدىدا تولىمۇ مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان بولىمىز" — دەيتتى. ئۇ، كۆڭلى ھەسەت ۋە كۆرەلمەسلىكتىن ھەمىشە پاراكەندە يۈرىدىغان، كىشىلەرنىڭ بەخت - سائادىتى ۋە ئىستىقبالىغا خۇددى كىچىك بالىلار ئويۇنچۇققا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىدىغان، ھەممە پاسكىنىچىلىقلارنى قەلبىگە قاچىلىۋېلىپ، يەنە ئۆزىنى پەرىشتە قاتارىغا قويۇۋالىدىغان پەسكەش كىشىلەردىن بەكمۇ نەپرەتلىنەتتى.

ئۇ نىمىنىدۇر بىر نەرسىنى ئويلاۋاتقاندەك ئىدى.



— بۇندىن باشقا، — دىدى كېرىم ئاۋازىنى سەل پەسەيتىپ، — يېقىندىن بۇيان ئۇ، ئۇنداق تەجرىبەم، مۇنداق تەجرىبەم دەپ داۋراڭ سېلىۋاتىدۇ، يېزىۋاتىدۇ. بۇ خۇددى بىرنى كاككلاپ ئوننى ۋاتاقلىغاندەك ئىش ئەمەسمۇ؟ قانداق، سەن تەكشۈرۈپ باقتىڭمۇ - يوق؟

ئالىم ئاكا جاۋاپ بەرمىدى.

شۇ چاغدا قادىر ئالدىراش قايتىپ كىردى ۋە شىرەسىدىن بىر توپ ئىمتىھان قەغەزلىرىنى ئېلىپ ئالىم ئاكىنىڭ ئالدىغا قويۇپ:

— باياتىن ئېسىمدە يوق چىقىپ كېتىپ قاپتىمەن، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش مەقسىدى بىلەن بۇ قېتىمقى ئىمتىھان قەغەزلىرىدىن بىر قىسمىنى كۆرگەزمە تەرىقىسىدە تام گېزىتىدە ئېلان قىلماقچى ئىدىم. شۇڭا چوڭ خۇش خەت بىلەن قايتىدىن كۆچۈرگۈزۈپ. قويۇلغان نومۇرلارنى قىزىل رەڭدە چوڭ رەقەم بىلەن يېزىپ تەييارلاپ قويغان ئىدىم. سىز بىر قۇر كۆزىڭىزدىن كەچۈرۈۋەتسىڭىزمىكىن. — دىدى.

— ياخشى قىپسىز، — دىدى ئالىم ئاكا، — ئۇ، ئوقۇغۇچىلارغا چوقۇم ئىلھام بولىدۇ. مېنىڭچە بۇنى ئامما تولۇق كۆرىدىغان ئورۇنغا، تاماقخانىنىڭ ئالدىدىكى "ئۆگىنىش سەھنىسى"گە چىقىرىش كېرەك. بۇ، ئاممىنىڭ ئىجادىيىتىنى قوليازما ئارقىلىق نەشر قىلىشتۇر. ئوقۇ - ئوقۇتۇش مانا مۇشۇنداق كونكرېت چارىلەر ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ - دە! ماقۇل، مەن كۆرۈپ چىقاي.

— تېزرەك بولسا!

— خاتىرجەم بولۇڭ! ئەتە ئەتىگەندە قولىڭىزغا بېرىمەن.

— رەھمەت، مەن چىقاي.

قادىر چىقىپ كەتتى، ئارقىسىدىن:
— ئۇزىڭىزگىلا دەيدىغان بىر ئېغىز گېپىم بار ئىدى،
دېگىنىچە ئالىم ئاكىمۇ چىقىپ كەتتى. ئىشخانىدا كېرىمنىڭ
ئۇزىلا قالغان ئىدى. ئۇ، تەپمۇ ـ تەكشى قىلىپ كېسىلگەن
ئاق قەغەزلەرگە چوڭ خۇش خەت بىلەن دانە ـ دانە قىلىپ
يېزىلغان ئىمتىهان نەتىجىلىرىنى كورگەندە، ئىچىنى بىر نەرسە
گى بىردىنىلا قارىداپ، كەينىدىن تېخىمۇ تاتىرىپ كەتتى.
ئۇ، ئويلايتتى...
ئالىقاچان غەرپكە قاراپ پەسلەپ كەتكەن قۇياش ئىشخانى
غا بەخش قىلىۋاتقان ئالتۇن يېپتەك سېخى نۇرلىرىنى ئۇزى
بىلەن بىللە ئېلىپ قاچقان ئىدى. ئىشخانىنىڭ ئالدىدىكى
گۇللۇكتە كېپىنەكلەرنىڭ گۇل سەيلىسىمۇ كورۇنمەيتتى...



## توتىنچى باپ

يەكشەنبە...

شەهەرنىڭ گۇزەل، ئاۋات كوچىلىرىنىڭ بىرىدە، كۇن چى-
قىشقا قارىتىپ سېلىنغان يوغان، كوك دەرۋازىلىق بىر ئوي
بار ئىدى. دەرۋازىدىن كىرگەندە كەڭ ـ كۇشادە هويلىنىڭ
قاپ ئوتتۇرىسىدىكى ئاسمانغا بوي سوزۇپ، هەر تەرەپكە شاخ-
لاپ كەتكەن بىر تۇپ ئۇژمە دىلنى مەپتۇن قىلاتتى. ئۇنىڭ
شېخىغا ئېسىپ، هەر خىل يوپۇشلار بىلەن بېزەپ قويغان تو-
مۇر قەپەزدىكى تولەپ كەتكەن تومۇچۇق ئاۋازىنى خىلمۇ ـ
خىل ئوزگەرتىپ، يېقىملىق هالدا جىۋىلدايتتى. كۇن پېتىش
تەرەپتىكى تامنى ياقىلتىپ قويۇلغان قاتار ـ قاتار تەشتەك-
لەردىكى هەر خىل گۇللەر پۇرەكلەپ ئېچىلىپ، هويلىغا چى-
رايلىق تۇس بەرگەن ئىدى. ئوڭ تۇلدىكى مېهمانخانىنىڭ دەرى-
زىسىدىن كورۇنۇپ تۇرغان، تامغا تارتىپ قويۇلغان ئوتقاشتەك
گىلەملەر كوزنى قاماشتۇراتتى.
ئۇزۇن، كەڭ سۇپىلىق ئازادە پېشايۋاندا بىر ئەر كىشىنىڭ
بىر ئايالغا هەدەپ كايىۋاتقانلىقىغا خېلى بولۇپ قال-
غان ئىدى.
ئەر كىشىنىڭ ئىسمى سادىر ئاخۇن، ئايالىنىڭ تىللاخان
ئىدى. ياش قۇرامى ئەللىككە تاقاپ قالغان، ئوزى دوغىلاقىنا
كەلگەن سادىر ئاخۇن قولىدا تۇتۇپ تۇرغان پىيالىدىكى چاي-

نى ئىككىلا ئوتلاپ تۆكۈشۈپ، پىيالىنى داستىخانغا قويۇپ قويـ غاندىن كېيىن يەنە سوزلەشكە باشلىدى:
— ئېيتقىنا، دەم ئېلىش كۈنىدىمۇ تۈگىمەيدىغان نىمە ئىش ئىكەن ئۇ؟ ئوتكەن يەكشەنبىمۇ كىردىڭىز، چىقىپ كەتتى. ئىگى ـ چاقىسى، ئوي ـ ماكانى يوق ئادەمدەك...
— ھوي، تولا ئۆپىرەسلا دەيمەن! بىرەر ئىشى چىقىپ قالغاندۇ، ھىلىقچە كىرىپ قالار، — دەيتتى تىللاخان.
— ھىلىقچە كىرىپ قالار... "باشتا گەپ بولسا، ئاخىردا [illegible] ئاڭلىمىغاندەك؟ ئۇ قىز بالا ئەمەسمۇ؟ [illegible] كېرەكتە!...
— [illegible] قىز تۇرسا... يەنە كېلىپ بىر مەكتەپ [illegible] ئەنسىرەيلا؟
— [illegible] ئەنسىرەيلا دەيسىنا؟! چوڭ بولۇپ قال[illegible] ئەنسىرەش لازىم ـ دە!...
سادىر [illegible] ئاچچىقى كەلگەن چاغلاردا ئاسانلىقچە [illegible] كېيىنى يېمەيتتى، ئۇنىڭ دىگىنى دىگەن ئىدى. [illegible] بىرەر بانايى ـ سەۋەبلەر بىلەن لەپىسدە خۇيى [illegible] بولدى، بۇنىڭدىن ئوچۇق ئادەم يوق ئىدى. ئىرد[illegible] خۇينى بەش قولدەك بىلىدىغان تىللاخان ھەرقاچان [illegible] ئۇنىڭغا ملىشالايتتى: سادىر ئاخۇن ئاچچىقلاپ، ئورلەپ كەتـ كەن چاغلاردا بولسا، جىم بولۇۋالاتتى؛ ئاچچىقىنى يۇتۇپ يۇمشاپ قالغان چاغلاردا بولسا، گىگى ـ مۇگى ئولتۇرۇپ، دەيـ دىغان گەپ ـ سوزلىرىنى ئېلىپ قالماي دەۋالاتتى.
ھازىر تىللاخان جىم، سادىر ئاخۇن سوزلىگەنسېرى قىزىپ، نېرۋىسى ئورلەپ، جىلى بولماقتا ئىدى:



— يەنە نىمىدىن ئەنسىرەيلا دەۋاتقىنىڭنى قارا!؟ مان شۇندىداق ئەنسىرەيمەن، مەن ئۆزىنىڭ دادىسىغۇ؟! "ئوغلىڭ ئاشىق بولسا كوككە باق، قىزىڭ مەشرىق بولسا يەرگە" دىگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟ ئۇ بىزنى يەرگە قارىتىپ قويمىسۇن دەيمەندە.
تىللاخان ئۈنچىقمايتتى.
— مەن ساڭا ئېيتىپ قوياي، قىز بالا دىگەننى ئاتا ئۆزچىلايدۇ، ئانىلىق سۆيۈتىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ئاگاھ بول. ئۆزىڭ توغرىلىق بىرەر ئېغىز گەپ قۇلىقىمغا پىسىگىندە كىرىپ قالدىكەن، مەندىن ياخشىلىق كۈتمە!
تىللاخان تاش چىشلىۋالغاندەك ئولتۇراتتى.
— ھە، تىلىڭ تۇتۇلۇپ قالدىمۇ؟ — دىدى سادىر ئاخۇن.
— گەپ قىلسام تېخى، — دەپ ئاغزىنى ئاچتى تىللاخان، — قىلمىسام تېخى... "گەپنى تەگسە تېرىق بولىدۇ" دىگەن بىر گەپ بار، نىمىشقا تەگەۋېرىلا ـ دەيمەن؟ كورۇپ تۇرۇۋاتىلىغۇ، قىزىمىزنىڭ كوڭلىدە بىر ئىلىم ئىشتىياقى بار، ئويگە كىرسىمۇ، تامىقىنى يەيدۇ ـ يۇ، كىتاۋىنى قولىغا ئالىدۇ، ياكى شىرەنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، بىر نىمىلەرنى يېزىشقا باشلايدۇ. ئوزلىرىمۇ بىلىلا، تولا چاغلاردا مەن: "بۇنداق بېرىلسەك مىڭەكنى ئالدۇرۇپ قويىسەن قىزىم" دىسەم، ئۇ "ئانا سەن مەندىن ئەنسىرىمە، ۋاقىت ئالتۇن، ياشلىق ئالتۇن، ئىلىم ئالتۇن، مەن مۇشۇ ئالتۇنلارنى قەدىرلەۋاتىمەن" دەيدىغۇ، ئۇ بۇنداق دىسە، نىمە دىگىلى بولىدۇ؟ بۇگۈنمۇ شۇ ئىشتىياقى بىلەن بولۇۋاتقاندۇر بەلكىم...
— سەن نەدىن بىلىسەن؟
— بىلىسەم ـ بىلمىسەم شۇدە.

— مەن ساڭا ئېيتاي، ئۇنىڭ پەرزىنى ئادا قىلىپ ئۆ
يۈش ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇ بولسا بىرقانچە تازا با
ئېيىدە لايىقلارغا ئۇنىماي پېشىنى قېقىپ كەلدى. سىزنىمۇ ب
شىكنى ئىچىڭگە تىقىۋالدىڭ!

— مەندە نىمە گۇنا؟! نىكا غايىپ ئەمەسمۇ؟ بەختى - پ
شانىسىدە بىرى باردۇ ياكى، ئۆزىنىڭ كوڭلىدە بىرەرسى
بارمىكىن.

— نىمە - نىمە؟ كوڭلىدە بىرەرتىسى بارمىكىن، دەمسىنا؟!

— شۇنداق بولۇپ قالسا، نىمە ئامالىمىز بار؟

— ئامالىم بار، چوقۇم ئامالىم بار. قۇلىقىنى دىڭ تۇ
تۇپ ئاڭلىۋال! پاقالچىقىنى چېقىپ تاشلايمەن.

— "ھوي، گەپ دىگەننىڭ تۇرغۇچى بار، بولمىسا ئىلغۇ
چى بار..." دىگەن نەقىل بار. ئويلاپراق سوزلىسىلە. قىزىمىز
ئوي قىزىمىدى؟ ئۇنىڭمۇ بىرەر ئويلىغىنى باردۇر. شۇنداق
بولسىمۇ ئەيىپمىدى؟!

— ھە! ئەيىپمىدى دىگىن؟ ئۇقتۇم، ئەمدى ئۇقتۇم، ھەممە
گۇنا سەندىكەن. سەن شۇنداق دىسەڭ ئۇ پورەككە چىق
ۋالامدۇ؟!

— ھوي، بۇرۇندىن قالغان "ياخشى سوز ئىسسىتقۇ، يامان
سوز سوۋۇتقۇ" دىگەن بىر گەپ بار. تولا ئۇنداق جېنىمغا
تېگىپ ئەيىپلاۋەرمىسىلە دەيمەن، ھەممىسىگە مەن ئەيىپكار-
مۇ؟ بىرى — قىزىمىز ھازىر ئىلىمگە ئاشىق بولۇپ
قالدى. بۇنىڭ نىمە يامىنى، ئۇنى خۇرسەندلىك بىلەن: "ق-
زىم، كامال تاپقىن" دىسىلە. يەنە بىرى، ئەمدى ئۇنى
تۇرمۇشتىمۇ ئۆزىنىڭ ئىختىيارىغا قويۇپ كامال تاپقىن دەيلى.



ئاڭلىسام مەكتىۋىدىكىلەرمۇ ئۇنىڭ ياخشى تەربىيىنى قىلىدىكەن.
مۇشۇنداق بىر قىزىمىزنىڭ بولغانلىغى بىلەن بېشىمىز كوككە
يەتسە بولغۇدەك...

ئاخىرقى بىرنەچچە ئېغىز سوزلەر سادىر ئاخۇنغا سەل تەسىر
قىلغاندەك، ئۇنىڭ ئاچچىقلاش نېرۋىلىرىغا ياندۇرۇش ئوكۇلى
سالغاندەك بولدى. شۇڭا ئۇ جىم بولۇپ قالدى. بەلكى
ئويلاۋاتقاندۇر...

تىللاخانمۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي گېپىنى داۋام قىلدى:

— ماڭا قارىسىلا ھوي، قىزىمىزنىڭ ئەقلى - ھوشى جايىدى-
كەن، ئۇ شۇنچە يىللاردىن بېرى ئۆزىنى شىشە قۇتا ئىچىدە
ساقلىغان گوھەردەك ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ. خۇداغا شۈكۈر...

— ئۇغۇ شۇنداق، — دىدى سادىر ئاخۇن سەل - پەل ئېچىل-
غاندەك بولۇپ.

— سىلە تاماقلىرىنى يەپ، دۇكانلىرىغا بارسىلا، خېرىدار-
لار ساقلاپ قالمىسۇن. ھوكۇمەت ئىشىغا كېچىككەن بىلەن تې-
خىمۇ ياخشى بولمايدۇ. مەن بىر قاچا ئاش ئېلىپ، قىزىمىز-
نىڭ قېشىغا چىقىپ كىرەي، بەلكى ھىلىمۇ ئۆزىنى ئۇنتۇپ
ئىشخانىسىدا ئولتۇرغاندۇ.

— ھەر ھالدا نەسىھەتىڭ چىڭ بولسۇن.

تىللاخان ئوچاقنىڭ بېشىدىن قازاننى چۈشۈردى. ھويلىنى
مەزىلىك پولۇنىڭ پۇرىغى قاپلىدى. ئەر - خوتۇن ئىككىسى
بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ پولۇ يىدى، ئاندىن سادىر ئاخۇن
ئىشىغا كەتتى. تىللاخان مەكتەپكە قاراپ ماڭدى.

تىللاخان كۈن قايرىلغاندا مەكتەپكە كەلدى - دە، دەرۋا-
زىدىن كىرىپ ئۇدۇل قىزىنىڭ ياتىغىغا باردى. ياتاقنىڭ ئىشى-
گىدە قۇلۇپ بار ئىدى. ئۇ، بىر - ئىككى كىشىدىن سوراپ،

سۈرۈشتە قىلدى. ئۇلار "كۆرمىدۇق" دەپ جاۋاپ بېرىشتى. ئۇ
ياتاقنىڭ ئالدىدىكى سېدىنىڭ تۈۋىدە خېلى ئۇزۇنغىچە سايىدا
ئولتۇردى. ئاخىرى زېرىكتى بولغاي، ئورنىدىن تۇردى. "تەج
رىبىخانىدا ئىشلەيمەن دېگەنىدەك قىلىۋىدى، شۇ يەردە بولمى
-سۇن يەنە"، — دەپ ئويلىدى ئۇ، ئاخىرى تەجرىبىخانىنى
ئىزلەپ يول ئالدى. يولدا كۈتمىگەندە كېرىم بىلەن ئۇچرى
شىپ قالدى. ئەسلىدە كېرىم شەھەرگە چىققان ئىدى. ئۇ يان
داپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا تىللاخان سوراپ قالدى:
— ئۆزلىرى مۇشۇ مەكتەپتىمۇ؟
كېرىم بۇرۇلۇپ تىللاخانغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققان
دىن كېيىن:
— شۇنداق، مەشەدىمەن، — دەپ جاۋاپ بەردى.
— خاپا بولمىسىلا ئۆزلىرىدىن سوراۋالاي، تەجرىبىخانىلار
قاياقتىكىن؟
— سىلە...؟
— ئانارنىڭ ئانىسى بولىمەن، قىزىم بۈگۈن ئۆيگە كىرمەي
قويدى، شۇڭا ئىزلەپ چىققان ئىدىم. ياتىقىغا بارسام يوقكەن،
تەجرىبىخانىدا ئىشلەيمەن دەۋاتاتتى. سىلىدىن شۇڭا سورىشىم.
— ھە، سىلە ئانارنىڭ ئانىسى بولىدىكەنلىدە!؟ ئاۋۇ ئال-
دىلىرىدىكى سېرىق بىنا — تەجرىبىخانا، بىراق، ئۇ يەردىمۇ
بولماسلىقى مۇمكىن. بۈگۈن دەم ئېلىش كۈنى ئەمەسمۇ؟
— ئۇ يەردە بولمىسا نەگە كېتەر؟
كېرىم بىر پەس ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. كېيىن تىللاخانغا
قاراپ ھىجايدى - دە:
— ئەمدى، ئۆزلىرى ئانارنىڭ ۋالىدىسى بولىدىكەنلا، بول-
سا ئېيتمىسام بولاتتى. ئەمما، ئاتا - بوۋىمىزدىن قالغان "ئاڭ-



لىمىغان قۇلاقتا گۇنا يوق، ئاڭلىغان سۆزنىڭ ئىگىسى" دېگەندەك
تەمسىل بار ئىكەن، ھەممىمىزنىڭ پەرزەنتى بار ئەمەسمۇ؟ ئېيت-
تاي، قىزلىرىنىڭ بېشىنى مۇشۇ يەردە بىر يىگىت ئايلاندۇرۇپ
يۈرىدۇ. ئۆيگە كىرمەسلىكىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ، دېسەم - دېمە-
سەم ئانار شۇ يىگىت بىلەن بىر يەرگە كەتتىمىكىن - دەيمەن.
كۈتۈلمىگەندە ئاڭلىغان بۇ سۆزدىن تىللاخان ھاڭۋېقىپ
تۇرۇپ قالغان ئىدى. كېرىم يەنە ئەزۋەلىدى:
— ئۇنىڭ ئۈستىگە قاملاشمىغانلا بىر يىگىت دېسىلە، ھەر
ھالدا ئويلىنىپ باقالا. — ئۇ يىلاندەك تولغىنىپ، ئىتتىك
كېتىپ قالدى.
تىللاخان تۇرغان جايىدا مىخلاپ قويغاندەك تۇراتتى.
كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقىچىلىك ۋاقىت ئىچىدە بولغان بۇ سىر-
لىق گەپلەرگە ھەدېگەندىلا چۈشىنىپ يېتەلمىدى. ئۇ ھازىر
ئاڭلىغانلىرىغا يە ئىشىنىشنى، يە ئىشەنمەسلىكىنى بىلمەيتتى،
خاپا بولۇشنىمۇ، كۈلۈشنىمۇ بىلمەيتتى. چىگىش ئوي - خى-
ياللار ئۇنى گاراڭ قىلىپ قويغان ئىدى. تېخى باياتىنلا ئۆيى-
دە ئېرى بىلەن بولۇپ ئۆتكەن گەپ - سۆزلەر، ئۇنىڭ چى-
گىش خىياللىرىنى تېخىمۇ چىگىشلەشتۈرمەكتە ئىدى. ئۇ ئۆزى-
نىڭ قىزىنى ھېلى كىتاپ ئوقۇۋاتقان، بىرنىمىلەرنى يېزىۋات-
قان ھالدا شىرەنىڭ ئالدىدا كۆز ئالدىغا كەلتۈرسە، ھېلى
قانداقتۇ نامەلۇم بىر يىگىت بىلەن ئاللا قەيەرلەردە سەيلە-
تاماشا قىلىپ يۈرگەن ھالدا كەلتۈرەتتى.
ئۇ، بىر بېسىپ ئىككى بېسىپ، تەجرىبىخانىنىڭ ئالدىغا
كەلدى - دە، تەجرىبىخانىنىڭ قوش قاناتلىق، چەشرەڭ سىر
بىلەن سىرلانغان ئىشىكىدىكى يوغان قۇلۇپقا كۆزى چۈشتى.
كۆڭلىدە راستىنلا گۇمان تۇغۇلدى. "ئۇھ..." دېگىنىچە تەجرى-

بىخانىنىڭ پەشتىقىدا ئولتۇرۇپ قالدى.

ئۇ شۇنداق پەرىشان بولۇپ تۇرغىنىدا قادىر شەھەردىن چىقىپ قالدى. تىللاخان ئۇنىڭغا قاراپ ـ قاراپ قويىدى، قادىرمۇ تىللاخانغا قاراپ ـ قاراپ قويۇپ ئوتۈپ كەتتى. ئۇ كېتىۋېتىپ ئويلاپ قالدى بولغاي، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ:

— ئانا، سىلە بىر كىمنى ئىزلەمىلا، — دېدى.

— ئانارنى ئىزلەپ چىققان ئىدىم.

— ھە، سىلە ئانارنىڭ ئانىسى بولامىلا؟

— شۇنداق ئوغلۇم.

— ئانار يوقمىكەن؟

— ھېچيەردە يوققۇ، ئۇ قىزىم، نەگە كەتتىكىن ـ تاڭ!

قادىر بىرئاز ئويلىنىۋېلىپ، دېدى:

— مۇشۇ يەردە سەل تۇرۇپ تۇرسىلا، ئىشخانىغا بىر قا-راپ باقاي.

قادىر ئىشخانىغا كىرىپ كېتىپ، ھايال ئوتمەي ئانارنى باشلاپ چىقتى. ئانار ئانىسىنى كورۇپ، يىراقتىنلا كېپىنەكتەك پەرىلداپ ئۇچۇپ كەلدى ـ دە، ئانىسىغا ئېسىلىپ، مەڭزىنى ـ مەڭزىگە يېقىپ:

— ۋېيەي، ئانا، سىنى تازىمۇ ئاۋارە قىپتىمەن ـ ھە!؟ يا-زىدىغان مۇھىم بىر ماقالام بار ئىدى. ئاخىرىسىنى ئۈزۈۋېتىپلا كىرەي دېۋىدىم تېخى، — دېدى.

ھىلىلا كىرىمدىن ئاڭلىغان گەپ ـ سوزلەر تىللاخانىنىڭ كوڭلىدە بىر قەۋەت تۇمان پەردىسى ھاسىل قىلىپ قويغاچقا، چىرايىدا تېخىچە بىرئاز خاپىچىلىق ئەنگىزى كورۇنۇپ تۇرات-تى. شۇنداقتىمۇ قىزىنىڭ ئالدىدا ئوزىنى چاندۇرماسلىققا تىرىشاتتى. چۈنكى ئانار ئۇنىڭ يالغۇزلا، گۇلدەك ئارزۇلۇغى



ئەمەسمۇ؟ ئۇ ئوزىنىڭ بۇ يۇرەك پارچىسىنىڭ كوڭلىگە غەش-لىك سېلىپ قويۇشنى خالامتى؟!

— يائاللا قىزىم، — دېدى ئۇ چىرايىغا زورلاپ كۇلكە تۇسىنى بېرىپ، — سېنىڭ شۇ تۇگمەس، ئوقۇيدىغان كىتاپ-لىرىڭ، يازىدىغان ماقالىلىرىڭ بار ـ دە! باشقا كۇندە قىل-ساڭ بولماسمىدى؟ ھەپتىدە بىر كېلىدىغان يەكشەنبىدە بىزمۇ سەن بىلەن بىر دوستىخاندا ئولتۇرۇپ، ئازادە مۇڭدىشىشنى ئارزۇ قىلاتتۇققۇ؟!

— جېنىم ئانا، — ئۇ شوخلۇق بىلەن ئانىسىنىڭ مەڭزىگە بىرنى سويۇپ قويدى، — مۇشۇ كۇنلەردە ئىشىمنىڭ ئالدى-راشلىقىنى ساڭا ئېيتقان ئىدىمغۇ؟! يۇرە ياتاققا بارايلى.

ئۇلار ياتاققا بارغاندا، قادىر ئوزىنىڭ ياتىقى تەرەپكە بۇرۇلغان ئىدى.

— ياتاققا كىرىڭ قادىر! — دېدى ئانار مۇلايىمغىنا.

— رەھمەت ئانار، ئانىڭىز بىلەن كەڭ ـ كۇشادە مۇڭ-دىشىۋېلىڭ.

— يۇرۇڭا، ئانام تاماق ئېلىپ چىققان ئوخشايدۇ، بىل-لە يەيلى.

— رەھمەت، يەنە بىر مورىتى كېلە...

— شۇنداق قىلمامىلا بالام، — دېدى تىللاخان.

— خوش، رەھمەت ئانا.

قادىر مىڭىپ كەتتى. تىللاخان ئارقىسىدىن قاراپ قالدى ۋە ئانارىدىن سورىدى:

— ئۇ يىگىتمۇ ئوقۇتقۇچىمۇ قىزىم؟

— ھەئە، ئانا.

— قەيەردىن ئىكەن؟

— شەھەردىن،
— كىمنىڭ بالىسى ئىكەن؟
— تۇرسۇن ئەپەندى دېگەن كىشىنىڭ، ئۇ كىشى ئىلگىرى مۇشۇ مەكتەپنىڭ داڭلىق ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، شەھەر بويىچىمۇ نامى بار ئىكەن، تېخى.
— ھازىر نەدە ئىكەن؟
— ھازىر... مەرھۇم...
— ھە، رەھمەتلىك بولغان دېگىنە؟!
— شۇنداق، ۋاقىتسىز، بىھۇدە ئەجەل بىلەن رەھمەتلىك بولغان...
— ھەر ھالدا ئۇ يىگىت ئىرقۇمۇشلۇق ئەۋلاتتىنكەن - غۇ؟
ئانىسىنىڭ بۇ سۆزلىرى ئانارنىڭ لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان يۈرىكىگە ماي سەپكەندەك بولدى. ئۇ ئۆزىچە "ھېچنېمە بولمىسا، قادىر ئانامنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ قالدى" دەپ ئويلىدى.
ئۇ، ئانىسىنى چىندەك تازىلاپ قويغان ياتىقىغا باشلىدى. تىللاخان كارۋاتنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، خۇددى بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك، بىردەم تامغا يېپىشتۇرۇلغان نۇسخىلىق مەنزىرە رەسىملەرگە قارايتتى، بىردەم بۇلۇڭ ئۈستىلىنىڭ ئۈستىگە تىزىپ قويۇلغان لوڭقىلاردىكى ھەر خىل گۈللەرگە كۆز تاشلايتتى، بىردەم شىرەنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان يوغان ئەينەك قاچىدىكى ئالتۇن بېلىقلارغا سەپسالاتتى. بىردەم قىپ - قىزىل يالىلداپ تۇرغان سىرلىق پولغا تىكىلەتتى. مەلىكوي، خولۇم - خوشنىلىرى ئىچىدە ئۆزىنىڭ شەرەندازلىقى بىلەن داڭ چىقارغان بۇ ئايال قىزىنىڭ تەبىئىتىنىڭمۇ ئۆزىنى دوراپ چىققانلىقىغا بەكمۇ خۇشال ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ چىرايىدىكى باياتىنقى خاپىچىلىق ئەنسىزى پۈرىدە كوتىرىلىپ كەتكەن ئىدى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مەن ئويلايمەن: ئانا — بالا ئۈچۈن قانچىلىك مۇقەددەس ۋە سۆيۈملۈك! بالا — ئانا ئۈچۈن قانچىلىك ئەزىز ۋە پەخىرلىك! بالا ئانىسىنىڭ يورۇق يۇلتۇزى. بۇ يۇلتۇز چەكسىز شېرىن ۋە ئوتتەك يالقۇنلۇق ھايات مۇھەببىتىنىڭ ئانا جىسمىدە قۇياشتەك نۇرلىنىشى، بۇ نۇر توققۇز ئايلىق جاپالىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئاخىرقى ئاچچىق تولغاق ئازاۋىدىن كېيىن يورۇق جاھانغا يۈز ئاچىدۇ. ئانا تۈن كېچىلىرى كىرپىك قاقماي، كۈندۈزلىرى ئارام تاپماي بۇ نۇرغا نۇر قوشۇپ چاقنىتىدۇ. ئۇ، بۇ نۇرنى: "ئەزىزىم، قوزام، ئۈمىدىم، يۈرىكىمنىڭ پارىسى" — دەپ قەدىرلەيدۇ. بۇ، ئانا ئەقىدىسىنىڭ جاراڭلىق ناخشىسىنى. ئانا، مەڭگۈ ئانىدۇر. بالا ھەرقانچە چوڭ بولغان چاغلاردىمۇ، ئانا ئالدىدا مەڭگۈ كىچىك بولۇپ كۆرۈنىدۇ. ئانا مۇھەببىتى — مۇقەددەس، بۇ مۇھەببەت بالىنىڭ ھەرقانداق نۇقسانلىقلىرى ئۈستىدىن غالىپ كېلىدۇ. بۇ مۇھەببەت بالىنىڭ پەزىلەتلىرىدىن ئىلھاملىنىپ تېخىمۇ پارلاق نۇر چاچىدۇ...
تىللاخان ئەمدى خۇشال ئىدى.
ئانار ئانىسىنىڭ ئالدىغا دوستىخان سېلىپ، نان، پېچىنە، قەن - گېزەكلەرنى ئېلىپ كەلدى ۋە چاي قۇيدى. ئانار ئۆزىمۇ ئانىسى ئېلىپ چىققان دوستىخاننى ئېچىپ، ئانىسىغا ئۇدۇلمۇ - ئۇدۇل ئولتۇردى.
ئانا — ھۆرمەت چېيىنى ئىچىۋاتاتتى. بالا — ئىززەت پولۇرىنى يەۋاتاتتى. ئانار ئانىسىغا ئوماقىنا قاراپ قويۇپ سۆزلىدى:
— ئانا، مېنى كىرمىدى دەپ رەنجىدىڭمۇ؟ دادامۇ تازا خاپا بولغاندۇ - ھە!
غۇنچە بويۇ، خۇش چىراي، مولايىم، ئېغىر - بې-

سىق، ھەر بىر ئىپەز سوزىنى ئويلاپ قىلىدىغان تىللاخان پىيالىدىكى سىن چايىنى بىر ئوتلاپ قويۇپ، دىدى:

— رەنجىسەڭمۇ، رەنجىگەندىمەن، قىزىم. داداڭ راستىنلا خاپا بولدى. قارا سېنى! دەم ئېلىش كۈنىدىمۇ ئىشلەمسەن؟

— ئانا، مەن دادام بىلەن سىنىڭ كېيىنكىنى قاچان ئاڭلىمىغان؟! سىلەرنى رەنجىتىشنى ھەرگىزمۇ خالىمايمەن، جېنىم ئانا، بەش - ئون كۈن مېنى "ئويگە كىرمىدى" دەپ رەنجىمىسەڭلا، بۇ كۈنلەردە مەن ئوقۇ - ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن بەك ئالدىراش.

ئانارنىڭ ئورۇنلۇق گەپ - سوزلىرى، شوخ قىلىقلىرى، كۆڭۈل ئاياشلىرى تىللاخاننىڭ ئانىلىق مېھرىنى تېخىمۇ ئىرتىۋەتكەن ئىدى. ئۇ، مۇشۇ پۇرسەتتە قىزى بىلەن بىخارامان مۇڭدىشىپ، كوڭلىنى چېكىپ باقماقچى بولدى. بۇنداق چاغلاردا تىللاخان بىرئاز جىمغۇر بولۇپ قالاتتى. بۇ جىمغۇرلۇقتىن ئانىنىڭ كوڭلىدە قانداقتۇر بىر ئويىنىڭ ئۇچۇپ ئوتۇۋاتقانلىقىنى بايقىۋېلىشقا ئانارمۇ ئۇستا بولۇپ كەتكەن ئىدى.

— قىزىم، — دىدى تىللاخان، — سەن تامىقىڭنى يەۋەرگىن، مەن گەپ قىلغاچ ئولتۇراي.

ئانار ئانىسىغا قاراپ كۈلۈپ قويدى.

— مەنغۇ ئوقۇمىغان قارا - تۇرۇك خوتۇن، ئىلىم - بىلىم دىگەننى بىلمەيمەن. ئەمما تۇرمۇشتا كوپنى كوردۇم. بېشىمدىن ئوتكەن ئىسسىق - سوغاقلارمۇ ئاز ئەمەس. كىشىلەر "ئومۇر ئاتقان ئوق" دەپ بىكار ئېيتمىغان. راست، قارىساڭ ئومۇر كوزۇڭنى يۇمۇپ - ئاچقىچىلا نە - نەلىگە كېتىپ قالىدىكەن، ياشلىقچۇ قىزىم، ياشلىق ئومۇرنىڭ شاھزادىسىمىكىن دەيمەن.

تىللاخان گەپنى يىراقتىن ئەگىتمەكتە ئىدى. باشقا چاغلار-



دا ئانىسى ئومۇر، ياشلىق توغرىسىدا ئاغزىنى ئاچتىمۇ - بولدى، دەرھال بېشىنى قىقىپ قىچىپ كېتىدىغان ئانار بۇگۇن ئەدەپ بىلەن ئۈنچىقماي ئولتۇراتتى. بۇ ھال تىللاخانىنى ئۇمىتلەندۇردى. ئۇ ئوز ئىچىدە: "ئەمدى بۇنىڭغا ئېغىز ئېچىپ گەپ قىلىشنىڭ ۋاقتى - سائىتى كېلىپ قالغان ئوخشايدۇ" — دەپ ئويلايتتى.

— قىزىم، ساڭا ئېيتسام، ھەر نەرسە ئوز پەسلى بىلەن گۈزەل، ئوز ئالاھىدىلىگى بىلەن قىممەتلىك. باھارنى ئالساق كىشىلەر ئۇنى ئىللىقلىغى ۋە چوكانتال گۈزەللىگى بىلەن ياخشى كورىدۇ. گۈلمۇ تازا پۇرەكلەپ ئېچىلغان گۈزەللىگى بىلەن كىشىلەرنى مەپتۇن قىلىدۇ. ھىساپلاپ باقسام، مانا، سەنىمۇ يىگىرمە توت ياشقا كىرىپ قاپسەن، تازا بوستان بولغان، پۇرەكلەپ ئېچىلىپ پۇراق چاچقان ۋاقتىڭ. خۇداغا شۈكۈر. ھىلى، ھالى - كۈنىمىز قەدىر ئەھۋال. داداڭ بىلەن مەن مۇشۇنچىلىك ۋاقتىمىزدا پەرزىڭنى ئادا قىلىپ قويۇشنى ئارزۇ قىلاتتۇقتە!...

ئانار بىرئاز ئوڭايسىزلاندى بولغاي، قۇلاقلىرىنىڭ تۇۋىگىچە شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى.

— ئوبدان قىزىم، — دەپ داۋام قىلدى تىللاخان، — بىزدە "نەسىھەت ئاچچىق، مىۋىسى تاتلىق" دىگەن گەپ بار. مەن ئانا، سەن بالا، ئىككىمىزنىڭ ئارىسىنىڭ ئوچۇق - يورۇق بولغىنى ياخشى. قاچانغىچە مەندىن تارتىنىپ، ئىچ - سىرىڭنى بەرمەيسەن؟ بۇ، ئاتام زاماندىن قالغان ئىشقۇ، قىزلارما، ئېيتقاندەك، بۇنداق يۇرۇۋەرسەڭ، ئوزەڭگىمۇ ئوبدان بولماس، ئالدى - كەينىڭدە سوز - چوچەك بولۇپ قالمىسۇن دەيمىنا، بىزمۇ خەلقى - ئالەم ئالدىدا!.. بۇ مېنىڭ ئانىلىق نەسىھىتىم قىزىم...

ئانار گەپ ـ سوز قىلمايتتى. تىللاخان ئانارنىڭ چاچلىرى-
نى سىلاپ، ئەكىلىتىپ تۇرۇپ دېدى:
— ماڭا قارا قىزىم، بىزنىڭ دېگىنىمىزگە سەن رازى بول-
مىدىڭ. "بازاردا مىڭ كىشى، كۆڭۈلدە بىر" دېگەندەك، كۆڭ-
لۈڭدە بىرەرسى بولسا ئېيتىۋەرگىن، مەن ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا
رازىمەن، داداڭنىمۇ گەپكە كىرگۈزىمەن.
تىللاخان كىرىمنىڭ باياتىنقى سوزىنى ئەسلەپ قالدى بول-
غاي، قوشۇپ قويدى:
— ھەر ھالدا يەتتە ئۇلاپ بىر كەس، لايىغىڭ يەنە
ناباپلاردىن بولۇپ قالمىسۇن!
ئانىسىنىڭ بۇ سوزلىرى بۇ قېتىم ئانارغىمۇ ياققان ئىدى.
شۇنداق بولسىمۇ، ئۆيگە ئۇر قىزلىرىدا بولىدىغان بىر خىل نا-
زۇك، تارتىنچاقلىق، پەدىشەپ ساقلاش تۇيغۇسى ئۇنىڭغا ئۆز
قەلبىنى يوشۇرۇشقا مەجبۇر قىلغان ئىدى. شۇڭا ئۇ يەنىلا
ئۈنچىقمىدى.
— ماڭا قارا قىزىم، يەنە سوراي، كوڭلۇڭدە بىرەرتىسى
بارمۇ ـ يوق؟
— ھەجەپ ئىكەنسەنغۇ ئانا...
— بار ئوخشايدۇ ـ ھە. بار ئىكەندە...
— سوراۋەرمىگىنە ئانا، — ئانار گەپنى باشقا ياققا بۇرى-
ۋەتمەكچى بولۇپ دېدى، — مېنى كىردىڭ ـ كىرمىدىڭ دەي-
سەن. نىمە ئۈچۈن كىرمىگەنلىكىمنى ساڭا چۈشەندۈرۈپ قوياي،
بۈگۈن مانا بۇ ماقالىنى يېزىپ چىقتىم، ئوقۇپ بېرەي، ئاڭلاپ
باقامسەن؟
ئانارنىڭ "سوراۋەرمىگىنە ئانا" دېگەن سوزىدىن قىزىنىڭ
كۆڭۈل سىرىنى بايقىۋالغان ھوشيار ئانا "كەنجى كىۋەزنىڭ



www.uyghurkitap.com

قوزىسى يوق، تولا گەپنىڭ مەزىسى..." دېگەندەك، بۇ مەققە
يەنە گەپنى سوزۇۋېرىشنى ئارتۇقچە دەپ بىلدىمۇ ـ قانداق،
قىزىنىڭ كوڭلى ئۈچۈن دېدى:
— قېنى، ئوقۇغىنا قىزىم.
ئانار ئانىسىغا شوخلۇق بىلەن قاراپ كۈلۈپ قويۇپ «سوز-
نى مەۋسۇملۇك فىزىكا ئىمتىھانىدىن باشلايمەن» دېگەن تېمىدى-
كى ماقالىسىنى ئوقۇشقا باشلىدى:
... مەن بۇ مەۋسۇملۇك فىزىكىدىن ئېلىنىدىغان ئىمتىھان
سوئاللىرىنى كوپ باش قاتۇرغىنىمدىن كېيىن بىر قەدەر ياخ-
شى چىقاردىم. سوئاللارنىڭ دائىرىسى كەڭ بولۇشتىن تاش-
قىرى، چوڭقۇرلۇق، تېزلىك، ئاسانلىق ۋە تەسلىك جەھەتلەر-
دىن ئۇزئارا بىرلەشتۇرۇلگەن بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ فىزى-
كىدىكى ئاساسىي چۈشەنچە ۋە قانۇنلارنى ئىگەللەش، ئاساس-
لىق تەجرىبىلەرنى چۈشىنىش ئىقتىدارىنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈش-
نى مەقسەت قىلغان ئىدىم...
ئىمتىھان نەتىجىسى — ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسنى
ئۆزلەشتۈرۈشىنىڭ خېلىلا ئۈستۈن بولغانلىقىنى بىلدۈردى. مەن
دەرس بەرگەن ئىككى سىنىپنىڭ ئومۇمى نەتىجىسىدىن قارى-
غاندا ھەر بىر سىنىپتا ئەلا نەتىجىگە ئېرىشكەنلەر يىگىرمە
پىرسەنتتىن، سەكسەندىن يۇقۇرى نومۇر ئالغانلار ئاتمىش پىر-
سەنتتىن ئېشىپ كەتتى. بولۇپمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ چۈشەنچىلى-
رى ئېنىق، ھىساپلاشلىرى توغرا، قەدەم ـ باسقۇچلىرى روشەن
بولغان. بۇ ئۇلارنىڭ ئاساسىي بىلىملەرنى ئىگەللىشىنىڭ پۇخ-
تا ۋە ئاساسى ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈشىنىڭ نىسبەتەن پىششىق
ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى...
ئەمما بىزنىڭ دىققەت قىلىشىمىزغا تېگىشلىكى شۇكى،

يەنە بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەتىجىسى ئانچە ياخشى ئەمەس...

ئايرىم ئوقۇغۇچىلاردا بەزى مۇھىم چۈشەنچە، ئاساسلىق قائىدە ئېنىق ئەمەس، مەسىلەن، نيوتون قانۇنلىرىنىڭ ماھىيىتىگە بولغان چۈشەنچىسى تار، كوپ قوللىنىلىدىغان مایاتنىكنىڭ تەۋرىنىشىدە تېزلىك بىلەن تېزلىنىشنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىنى ياخشى ئانالىز قىلالمىغان...

تەجرىبە مەشقى كەم، ئەمىلىي بىلىمى ئاز، تۇتىنىچى سوئال بولسا، بىر قوش پىچاق، قوش يەلكىلىك ئىسچوتچىك ئۇلاپ ئامپېرمېتىرنىڭ ئۆلچەش مىقدارىنى ئاشۇرۇش مەسىلىسى بولۇپ، بەزى ئوقۇغۇچىلار قوش پىچاق، قوش يەلكىلىك ئىسچوتچىكنى ئېنىق تونۇيالمىغان، بەزىلىرى توك يول سىزمىسىنى كورۇپ، تولۇق بىلمىگەنىنىڭ سىرتىدا، قوش پىچاق، قوش يەلكىلىك ئىسچوتچىكنىڭ ئىككى پىچىقىنىڭ بىر - بىرىگە توك ئوتكۈزمەيدىغانلىقىنىمۇ تازا بىلمەيدىكەن...

ھېساپلاش قابىلىيىتى توۋەن، ئاساسىي ماھارەتنى ئىگەللىشى يېتەرسىز...

بۇ ئەھۋاللارنى نەزەردە تۇتقاندا، فىزىكا ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقۇرى كوتىرىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئاساسنى پۇختا قۇرۇش، ئاساسىي بىلىم ئوقۇتۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك...

دەرس سوزلىگەندە ئاز بولۇش، ساز بولۇش، ئىلھاملاندۇرۇش پىرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئاساسىي بىلىم، ئاساسىي قانۇنلارنى ھەر تەرەپتىن قايتا - قايتا ئېنىق يەتكۈزۈش مۇھىم، مەسىلەن، ئېلېكتىر فوتېنسىال، ئېلېكتىر قوزغاتقۇچ، توك يولى چېتىدىكى توك بېسىمى قاتارلىق ئوقۇغۇچىلار ئاسانلا



ئارىلاشتۇرۇۋېتىدىغان چۈشەنچىلەرنى ئوقۇتۇش جەريانىدا ئەمىلىيەتنى چىقىش قىلىپ، فىزىكىلىق ھادىسىلەرنىڭ تۈپ خاراكتېرى ۋە يۈز بېرىشىنىڭ شەرتلىرىنى چىڭ تۇتۇش، ئاساسىي چۈشەنچىنى ئېنىق يېشىپ چۈشەندۇرۇش، مەيلى ئۇنىڭ پەرقى قانچىلىك كىچىك بولسىمۇ، ئوقۇغۇچىلارنى تەپسىلى پەرق قىلدۇرۇشقا يېتەكلەش ئوقۇغۇچىلارنىڭ مىڭىسىدە فىزىكا ھادىسىلىرىنىڭ روشەن خەرىتىسىنى ئورنىتىش، فىزىكىلىق قانۇنلارنىڭ مەنىسىنى ھەقىقى تۇردە چۈشەندۇرۇپ، فورمۇلالاردىكى ھەرقايسى ھەرپلەرنىڭ قانداق فىزىكىلىق مىقدارغا ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى ھەم ئۇنى قوللىنىشنى چۈشەندۇرۇش كېرەك...

چارە - تەدبىرلەرنى ئىزلەپ، شارائىت يارىتىپ، ئوقۇتۇش جەريانىدا كورسەتمىلىك تەجرىبىلەرنى كوپرەك ئىشلەش، كورسەتمىلىك دەرسنى ئوبدان ئوتۇش، فىزىكا تەجرىبىخانىسىنى ياخشى باشقۇرۇش، ئىلمىي تەجرىبىلەرنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوزلىرى قول سېلىپ ئىشلەش، تەجرىبە دەرسلىرىنى تولۇق ئوتۇشكە تىرىشىش، دەرسلىكتە بەلگىلەنگەن تەجرىبە مەزمۇنلىرىنى ئىشلەپ تۈگىتىش، دەرستىن سىرتقى ئىلىم - پەن گۇرۇپپىلىرى پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇش لازىم...

فىزىكا ئوقۇتۇش تەتقىقاتى ۋە پەننى بىلىملەرنى ئالماشتۇرۇشنى زور كۈچ بىلەن قاناتيايدۇرۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي قابىلىيىتىنى ئوستۇرۇش كېرەك...

ئومۇملاشتۇرۇپ مەشق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش، ئوقۇغۇچىلارغا فىزىكا قانۇنلىرىنى ئىشلىتىش دەرسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئوقۇتۇش سۈرئىتىگە ئاساسەن، باپ، ماۋزۇلار بويىچە مەشق قىلدۇرغاندىن سىرت، يەنە ئوقۇتۇشنىڭ ھەر بىر باس

قۇچىدا ئوقۇغۇچىلارغا پىلانلىق ھالدا بەلگىلىك مىقداردا ئومۇمى كونۇكمە مەسىلىلىرىنى تاپشۇرۇش كېرەك.

ئانار ئوقۇشنى توختاتتى. تىللاخان جەينىكىنى تىزىغا تىرەپ، قولى بىلەن ئېڭىكىنى تۇتقان ھالدا قىزىغا قاراپ ئولتۇراتتى.

— قىزىڭ مۇشۇنداق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ، ئانا، — دېدى ئانار ئانىسىغا مەنىلىك قىلىپ، — سەن قىزىم نېمە دەۋاتقاندۇ، دەپ ئولتۇرغانسەن؟ بىرەر نەرسە ئاڭقىرالىدىڭمۇ-قانداق؟

— يائاللا قىزىم، شۇنچە گەپ-سوزلەرنى تىزىپ چىققىچە مېڭەڭ قانداقمۇ چىدىغاندۇ؟ نېزىقا دېدىڭمۇ؟

— ماۋۇ ئانامنى، نېزىقا ئەمەس، فىزىكا.

— ھە، فىزىكا دېگىن، بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— فىزىكا دېگەن ماددىلار ھەركىتى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيىتىنىڭ ئومۇملىقىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن، دېگەن سوز ياكى تەبىئەت دېگەن بولىدۇ.

— بۇ گېپىڭنىمۇ ئۇقمىدىم قىزىم، ۋاي ئاللىيەي، نېمىدېگەن تولا گەپلەر بۇ، ئويلىشىمچە سېنىڭ ئوقۇتىدىغىنىڭ تازا بىر گادىرماش جاڭگال ئوخشايدۇ، مېڭەڭنىڭ قىيتىغى چىقىپ "ئوھ" دېگۈچىلىكىڭ قالمىسا كېرەك-ھە!

— نېمە دەۋاتىسەن ئانا، ھەر گۈلنىڭ ئوزىگە لايىق پۇرىقى بار ئەمەسمۇ؟ مەن مۇشۇ ئىشىمدىن چەكسىز ھوزۇرلىنىمەن، ھەر بىر قائىدە-قانۇن، پورمىلالارنى ئوگىنىش-ئوگىتىش مېڭەمگە چەكسىز ئاراملىق بەخش قىلىدۇ. قېنى، ئېيتىپ باققىنا، سوزۇم توغرىمۇ-يوق؟

— مەن بىر بىلىمسىز، كوزى ئوچۇق قارغۇمەن قىزىم، نېمە



دەي، چۈشەندۈرمىسەڭمۇ، ئېيتقانلىرىڭ توغرا، "ئومتۇلگەن [illegible] ئوشۇققا كەلمەپتۇ" دەپ... سەن بۇ ئىشقا چىن كوڭلۈڭدىن بېرىلىپسەن، خۇدا مۇرادىڭغا يەتكۈزەر.

ئانار خوشاللىقىدا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئانىسىنىڭ بوينىغا گىرە سېلىۋالدى. تىللاخان چوڭقۇر ئانىلىق مېھرى بىلەن، قىزىنىڭ باش-كوزلىرىنى سىلايتتى. ئەمما، كىرىدىم بىلەن بولغان غىل-پاللا ئۇچرىشىشنىڭ خاتىرىسى كوڭلىنىڭ بىر يەرلىرىنى تاتىلاۋاتقاندەك قىلاتتى...



www.uyghurkitap.com

## بەشىنچى باپ

قادىر دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى ئېلىپ ئوقۇتقۇچىلار بىناسىغا قاراپ ماڭغاندا، ۋاقىت نامازدىگەردىن ئۆتكەن ئىدى. غەرىپكە قاراپ ئالدىراپ پېتىپ كېتىۋاتقان دۈپ - دۈگىلەك قۇياش قاتار - قاتار تېرەكلەر ئارىسىدىن ساغۇچ قىزىل نۇرلىرىنى چېچىپ تۇراتتى. ئاسمان سۈپسۈزۈك، هاۋا شامالسىز، جىمجىت. ئوقۇتقۇچىلار خالىغان ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل... بەزىلىرى سىنىپلىرىغا كېتىۋاتاتتى، بەزىلىرى توپ ئوينىشىۋاتاتتى، ئايرىملىرى بوستانلىقلاردا، گۈللۈكلەرنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرۇشۇپ ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتىشاتتى، ئۇسسۇل ئوينىشاتتى، بىر قىسمىلىرى ئۆگىنىش قىلىشىۋاتاتتى.

قادىر ئوقۇتقۇچىلار بىناسىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە، تەجرىبىخانىدىن بىر مۇنچە تەجرىبە سايمانلىرىنى كۆتەرگەن هالدا ئانار چىقىپ كەلدى. ئۇ قولىدىكى سايمانلارنى بىنانىڭ شەرقىي ئىشىكىنىڭ شىمالى تەرىپىدىكى پەشتاقتا قويۇپ قويغاندىن كېيىن، سائەتكە بىر قارىۋېتىپ، دېدى:

— داڭ چېلىشقا يەنە ئون مىنۇت بار ئىكەنغۇ؟

— هەئە، تېخى ئون مىنۇت بار، — دېدى قادىر.

سۆزلىشىشنىڭ مۇنداق تەبىئىي باشلانغانلىقى ئىككىسىنىڭ كۆڭلىگە شادىمانلىق بېغىشلىدى.

— بىرەر مەشغۇلات ئۆتكۈزىدىغان ئوخشىمامسىز، ئانار؟



— هەئە، ئوقۇغۇچىلار بىرقانچە مۇهىم تەجرىبىلەرنى قايتا ئىشلەپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلىۋېدى.

— ياخشى نىيەت، توغرا قىپسىز.

— سىزچۇ؟

— مەكتەپ بويىچە دەرستە ئاجىز ئوقۇغۇچىلارغا هەر كۈنى مۇشۇ كەچلىك مۇزاكىرە ۋاقتىدا بىرەر سائەت قوشۇمچە ئۆگىنىش قىلىپ بېرىۋاتىمەن.

— بۇمۇ ياخشى چارە.

ئىككىسى بىر - بىرىگە قارىشىپ، ئىختىيارسىز كۈلۈشۈپ كەتتى. ئاندىن قادىر ئەتراپقا بىر قارىۋېلىپ، ئاۋازىنى پەسەيتىۋراق، ئېهتىياتچانلىق بىلەن دېدى:

— سىزگە بىر - ئىككى ئېغىز گېپىم بار ئىدى، ئەمما هېچبىر تۈتۈق بەرمەيۋاتىسىز...

— ۋىيەي، تېخى! — دېدى ئانار قادىرنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — هەمىشە ئالدىڭىزدا پىقىراپ يۈرمىگەن بولسام كاشكى...

— شۇڭا دەۋاتمايمەنمۇ؟! ئالدىمدا پىقىراپ يۈرۈپ، تۈتۈق بەرمەيۋاتىسىز دەپ...

— يائاللا، گەپتانلىغىنى؟!

يىراقتىن بۇلارغا قاراپ ئالىم ئاكا كېلىۋاتاتتى. ئالدىن ئۇنى كۆرگەن ئانار:

— ئالىم ئاكا كېلىۋاتىدۇ، — دېدى.

قادىر ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ئالىم ئاكىغا بىر قاراپ قويۇپ:

— مەيلى، ئۇ، ئىلمىي، كۆڭلى - كۆكسى كەڭ ئىنسىل ئادەم، — دەپ جاۋاپ بەردى.

— شۇنداق بولسىمۇ...

— ماقۇل، گەپنى قىسقارتاي، مۇزاكىرىدىن كېيىن ۋاقتىڭىز چىقامدۇ؟

— چىقىدۇ.

— ئۇنداق بولسا، دەل سائەت سەككىزدە بىزنىڭ ياتاقنى ئۇچرىشايلى.

— بولىدۇ.

ئالىم ئاكا بولارنىڭ قېشىغا كېلىپلا چاقچاق قىلدى:

— بەللى، مۇشۇنداق بىللە تۇرغىنىڭلارغا بەكمۇ مەسلىكىم كېلىدۇ، جۇمۇ ئۈكىلىرىم.





ئانار ئىللىقىنا كۈلۈپ يەرگە قارىۋالدى. قادىر [illegible] چاخچاق بىلەن جاۋاپ قايتۇردى:

— يارىشىپتۇقمۇ، مۇئەللىم.

— ياراشقاندىمۇ خىلى خىلىغا، گۈلى گۈلىگە يەركەلگەندەكلا بوپتۇ-دە. قانداق دىدىم؟

— ئالىم ئاكا جاۋاپ كۈتۈپ ئىككىلەنگە تىكىلدى. ئانار ئېخچە بېشىنى كوتەرمەي، كۈلۈمسىرەپ، پۇتى بىلەن يەرنى سىپايدىتى، قادىر تەبەسسۇم ئىلكىدە يىراق ئۇپۇققا قارىۋالغان ئىدى.

— مەن ئېيتسام، — دىدى ئالىم ئاكا قادىرنىڭ دۈلىسىغا قولى بىلەن نوقۇپ تۇرۇپ، — ھازىر بەكمۇ يارىشىدىغان ۋاقتىڭلار. ئوقۇ-ئوقۇتۇش سېپىدە بىر جۈپ كېپىنەك بولۇپ ئۇچساڭلار نىمىدىگەن ياخشى، خۇددى "سېنىڭدەك نازىنىن يارغا، مېنىڭدەك قۇرغۇيۇڭ بولسۇن" — دىگەندەك بولاتتى-دە.

داڭنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى مەكتەپ مۇھىتىنى تىترەتتى. ئالىم ئاكا ئىشخانىسىغا كەتتى. قادىر بىلەن ئانار سىنىپلارغا قاراپ ماڭدى...

— ئۆتكەن سائەتتە بېرىلگەن تاپشۇرۇقلارنى ئىشلەپ كەلدىڭلارمۇ؟ — دىدى قادىر سىنىپقا كىرىپ ئوقۇغۇچىلار بىلەن سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن.

— ئورۇندىدۇق، — دەپ جاۋاپ بىردىشتى ئوقۇغۇچىلار.

— ئۇنداق بولسا، تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىڭلارنى ئالدىڭلارغا ئېلىڭلار. قادىر بىرنەچچە ئوقۇغۇچىنىڭ تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىنى بىر-بىرلەپ كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقىپ ئالاھىدە خۇشاللاندى.



www.uyghurkitap.com

ئوقۇغۇچىلار تاپشۇرۇلغان ماقالىنى شۇنچىلىك تېتىقسىز
يازغان ئىدىكى، ماقالىلارنىڭ سەرلەۋھىسى قىزىل قەلەم بىلەن
چوڭ ھۆسنىخەتلىك، تىنىش بەلگىلىرى ئاساسەن جايىدا،
ئابزاسلىرى خېلى ئېنىق ئىدى. مەزمۇنىنى توغرا ئىپادىلىگەن،
بۇ ھال كىشىلەرنى ئالغا ئۈمىتلەندۈرگۈچى ئۈمىتتىن ئىبارەت
ساھىبجامال قىزنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبىدە بارغانسېرى
پارلاق نۇر چېچىۋاتقانلىقىدىن، ئوقۇغۇچىلار ئىلىم دېڭىزىنىڭ
ئەڭ چوڭقۇر قايناملىرىغا قەيسەرلىك بىلەن غۇلاچ تاشلاپ
كىرىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.
ئۇ يەنە بىرنەچچە ئوقۇغۇچىلارنىڭكىنىمۇ كوردى، بۇلارنىڭ
يازغان ماقالىلىرىدا خېلى نوقسانلىقلارنى سەزدى. مىكىمسىدە
"بەش قول تەڭ ئەمەس، كونكرېت ۋە ھەر تەرەپلىمە ئىش
كورۇشكە توغرا كېلىدۇ، ئۆلگىنىڭ كۈچى چەكسىز، ئۆلگىلەرنى
شەرەپلەش ئارقىلىق تۆۋەنلەرنى رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك، —
دەپ ئويلىدى - دە:
— سىلەردىن ئاساسەن خوشالمەن ۋە زور ئۈمىت كۈتىمەن، —
دەپ سوز باشلىدى، — ئىلىم چەكسىز بىر دېڭىز، ئىلىم ئۆگىنىش يىگنە
بىلەن قۇدۇق قازغانغا ئوخشاش قىيىن ئىش، كىشى پەقەت يۈكسەك
مەقسەت، قەيسەر ئىرادە، تولۇپ - تاشقان غەيرەت، توغرا، جانلىق
ئۇسۇلغا ئىگە بولغاندىلا، بىر مىنۇت ۋاقىتنى ئالتۇندىن قىممەت
بىلىپ قەدىرلىگەندىلا، كىتاپنى چىن دوست تۇتقاندىلا، ئۇس-
تازلارغا ھەقىقى يولەنگەندىلا، ئاندىن ئۇ دېڭىزغا بىمالال
كىرىپ، كېرەكلىك نازى - نېمەتلەرنى ئېلىپ چىقالايدۇ،
يىگنە بىلەن قۇدۇق قازالايدۇ. ئىلىم - شاختىن شاققا قونۇپ،
تەييار نېمەت ئىزلىگۈچىلەرگە ئۆز بوستانىدىن ئورۇن بەرمەي-
دۇ. ئىلىم — قورقۇنچاق، ئىرادىسىز، ھورۇن كىشىلەرنى



ئەزەلدىن دوست تۇتقان ئەمەس.
قادىرنىڭ ھەربىر جۈملە سوزى ئىلىمگە تەشنا ئوقۇغۇچىلار-
نىڭ قەلبىنى دولقۇنلاتماقتا ئىدى. ئۇ بىر پەس تۇرۇۋېلىپ
داۋام قىلدى:
— سىلەر خېلى ئالغا باستىڭلار. ئالغا بېسىۋاتىسىلەر، يەنە
داۋاملىق ئالغا بېسىشىڭلار كېرەك. گەپ تومۇرىڭلارنىڭ ئىلىمگە
قارىتا چىڭ ياكى ئاستا سوقۇشىدا. خوش، ئۇنداق بولسا،
بىرقانچە سازاقداشنىڭ ماقالىسىنى ئوقۇپ كورەيلى، قېنى كىم
ئوقۇيدۇ؟
— ھەر قايسى سىنىپلاردىن يىغىلغان ئوتتۇزدىن ئارتۇقراق
ئوقۇغۇچى بىردەكلا قول كوتەرگەن ئىدى.
— قېنى، سىز ئوقۇڭ!
بىر قىز ئوقۇغۇچى ئورنىدىن تۇرۇپ «گوركىي ۋە كىتاپ»
دىگەن ماقالىسىنى ئوقۇشقا باشلىدى.
... ئۇلۇغ يازغۇچى گوركىي كىچىكىدىن تارتىپلا كىتاپ
ئوقۇشقا ھەۋەسمەن ئىدى. ئۇنىڭ مەكتەپتىكى نەتىجىسى
ئالاھىدە ياخشى بولغىنى ئۈچۈن، ئەلا مۇكاپاتقا ئىگە بولغان.
بىراق كەمبەغەلچىلىك دەستىدىن پەقەت ئىككى يىللا ئوقۇيا-
لىغان. ئۇ جان بېقىش ۋە ئائىلىسىنى قامداش ئۈچۈن ھەر
تەرەپكە قاتراپ، تۈرلۈك - تۈمەن ئىشلارنى ئىشلىگەن بولسى-
مۇ، باشتىن - ئاخىر بىرلا ئىشنى — كىتاپ ئوقۇشنى ئۇنتۇپ
قالمىغان. ئۇ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا: "ئەگەر ئەينى ۋاقىتتا بىرەر
كىشى ماڭا 'بولدى بېرىپ كىتاپ ئوقۇغىن، ئەمما بۇ ئىش
ئۈچۈن بىر قېتىم كالتەكلىنىسەن' دىسە، ئېھتىمال بۇ شەرتنى
قوبۇل قىلغان بولاتتىم" — دەپ ئەسلەيدۇ. ئۇ ھەممە خەۋەپ -
خەتەرگە قارىماي كىتاپ ئىزلەيتتى. خوجايىن ياكى ئۇنى ئىگى-

سىنىڭ نازارىتى ھەم چەكلىشىدىن ئۇزىنى قاچۇرۇپ، كېچىسى
كىتاپ كورەتتى. ئۇ، كونسېرۋا قۇتىسىدىن كىچىك چىراق
ياساپ، ئۇيى ئىگىسىنىڭ شامدانىدىكى قالدى - قاتتى مايلار
نى يىغىپ، ئىسكىلات، لاپاس، بالىخانا قاتارلىق ئورۇنلارغا
موكۇنۇپ، جاپالىق بىلەن كىتاپ ئوقۇيتتى. چىراق مېيى
تېپىشقا زادىلا ئامال بولمىغاندا ئاي يورۇغىدا ئوقۇيتتى.

ئۇ كىتاپنى جېنىدىن ئېزىز كورەتتى. بىر قېتىم ئۇيىگە ئوت
كەتكەندە ئالدى بىلەن كىتاپلىرىنى قۇتقۇزۇۋالىمەن دەپ
ئولگىلى تاسلا قالغان ئىدى. ئۇ: "كىتاپ بىر تەرەپتىن ئەقلىم
ۋە قەلبىمگە ئىلھام بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن پاتقاقلىقتىن
دەس تۇرۇشقا ياردەم بېرىدۇ. ئەگەر كىتاپ بولمىغاندا، سېسىق
پاتقاقلىققا غەرق بولۇپ، نادانلىق ھەم پەسكەشلىككە يەم
بولاتتىم" — دېگەن ئىدى.

شۇنداق قىلىپ گوركىي ئىنتايىن جاپا - مۇشەققەتلىك شارائ-
ىتتا قەتئىي نىيەت بىلەن كىتاپ ئوقۇپ، يۇقۇرى مەدەنىيەت-
لىك ئادەم بولۇپ، پۇتۇن ھاياتىدىكى ئەدەبىي ئىجادىيىتىدە
ئىشلىرى ئۇچۇن مۇستەھكەم ئاساس ياراتقان ئىدى ...

مەن شۇنى ھېس قىلدىمكى، يېقىندىن بۇيان ئاز - تولا
كىتاپ ئوقۇشقا ئادەتلىنىپ، بىر قىسىم كىتاپلارنى ئوقۇپ
چىققانلىقىم ئۇچۇن پەكىردىم ئېچىلىپ، نەزەر دائىرەم كېڭىيىپ،
ھەر قايسى دەرسلەردە بەلگىلىك ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشمەكتى-
مەن. مەن گوركىيدىن ئۇگىنىپ، بۇندىن كېيىن تېخىمۇ كوپرەك
كىتاپ ئوقۇيمەن.

ماقالا ئوقۇلۇپ بولدى، قادىر ئوقۇغۇچىلاردىن سورىدى:

— قانداقراق يېزىلىپتۇ؟

تەكشى، جاراڭلىق ئاۋاز سىنىپنى ياڭرىتىۋەتتى:



— ياخشى!

— توغرا ئېيتتىڭلار، ھەقىقەتەن ياخشى يېزىلغان، بولۇپمۇ
ئوتكەندە يازغان بىرقانچە پارچە ماقالىلارغا سېلىشتۇرغاندا
ئالاھىدە ياخشى دېيىشكە بولىدۇ. خېلىلا ئىلگىرىلەش سەكرىگەندە
سىزگە تەشەككۇر .. ئولتۇرۇڭ!

ئۇ بىردەم تۇرۇۋېلىپ:

— قېنى سىز ئوقۇڭ، — دېدى ئۇ ئادىلغا.

ئادىل ئورنىدىن تۇرۇپ «ئوقۇش ۋە يېزىش» دېگەن ماقا-
لىسىنى ئوقۇشقا باشلىدى:

... ئاساسىي ماھارەتنى ياخشى مەشىق قىلمىغاچقا ماقالا
يېزىڭلار دېسە باش قاتىدۇ. ھەتتا بىر پارچە ماقالىنى دۇدۇقلى-
مايراق ئوقۇيالمايمىز. لوزۇنكىغا خەت يازساقمۇ، قىڭغىر - قىيى-
سىق يېزىپ قويىمىز. بەزى خەتلەرنىڭ ئاخىرىنى تولۇق
ئوقۇيالمايمىز. يازغان ماقالىمىزدا خاتا خەتلەر ئاز ئەمەس.

— توختاڭ!

ئادىل ئوقۇشنى توختاتتى.

— ماقالىڭىزنىڭ بۇ بىر ئابزاسىدا مەزمۇنلارنىڭ ئورۇنلاش-
تۇرۇلۇشى بەكمۇ قالايمىقان بولۇپ قاپتۇ. باشتا ماقالا يېزىش
توغرىسىدا سوزلەپسىز، بۇنى تۇگەتمەي تۇرۇپلا ئوقۇش مەسى-
لىسىگە ئوتۇپ كېتىپسىز، يەنە بىر سەكرەپلا يېزىش ھەققىدە
گەپ ئېچىپسىز. ئاندىن يەنە ئوقۇش، ئارقىدىنلا يېزىش
توغرىسىدا توختىلىپسىز. دېمەككى، بۇ سوزلەرنىڭ ئېنىق تەرتىۋى
يوق. شۇنىڭ ئۇچۇن قانداق قىلىش كېرەك؟

— قەلەم تەۋرىتىشتىن بۇرۇن، — دېدى بىر ئوقۇغۇچى، —
چوڭقۇر، ئىنچىكە ئويلىنىش كېرەك. مۇناسىۋىتى بىر قەدەر
يېقىنراق بولغان گەپلەرنى بىرلەشتۇرۇپ، بىر ئىدىيىۋى مەزمۇن



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىڭ بىر كىچىك بىرلىكىنى تەشكىل قىلىش كېرەك.

— مانا، مانا، بۇ ناھايىتى ئوبدان جاۋاپ بولدى، قانداق دېدىم ساۋاقداشلار!

— راست، توغرا جاۋاپ بولدى.

— ئۇنداق بولسا، ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرۇڭ!

ئادىل ماقالىسىنى قادىر ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىكىر ھەم تۈزىتىشلىرى ئىچىدە ئوقۇپ تۈگەتتى ـ دە، ئورنىغا ئولتۇردى. قادىر يەنە بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئىسمىنى چاقىردى:

— سىزنىڭكىنى ئاڭلاپ باقايلى!

ئوقۇغۇچى تۇرۇپ «ۋاقىت ھەم ھايات» دېگەن ماقالىسىنى ئوقىدى ...

ۋاقىت ھايات دېمەكتۇر. ھەر بىر ئادەم تۇغۇلغان كۈندىن تارتىپلا ۋاقىت ئۇنىڭغا ھەمرا بولىدۇ ...

... ۋاقىت يۈز خاتىرە قىلمايدىغان مويسىپىتكە ئوخشايدۇ. ئۇ ئادەمگە سېكۇنت ... مىنۇت ... كۈن .. يىلنى بىر-بىرلەپ بولدى قىلىدۇ. ھەرگىز قايتا بەرمەيدۇ. كىشىلەر سورەلمىلىك، ئەزمىلىك قىلىپ، ئويناپ - كۈلۈپ يۈرۈپ ئۇنى "تېز ئۆتۈپ كەتتى" دەپ ئاغرىنسا، ئۇ ئەپۇ سوراپ ئولتۇرمايدۇ ھەم ئەپۇمۇ قىلمايدۇ.

تۈمەنلىگەن شەيئىلەرگە ئوخشاش، ۋاقىتنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا خۇسۇسىيىتى بار. ئۇ مەڭگۈ بىر نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. توختاپ قالمايدۇ. ئاداشمايدۇ، ئارقىغا يانمايدۇ. ھاياتلىق بولسا بۇ يۈز خاتىرە قىلىشنى بىلمەيدىغان مويسىپىتنى قىزغىن سۆيىدۇ ۋە ھۆرمەتلەيدۇ. ھاياتلىق ۋاقىتقا ھەر چاغ سايىدەك ياكى ئۆزى يوقالغانغا قەدەر ئەگىشىپ ماڭىدۇ. توختاپ قالمايدۇ، ئاداشمايدۇ، ئارقىغا يانمايدۇ.

كىشىنىڭ ۋۇجۇدى غەيرەت، جاسارەتكە تولسا، ۋەتەن ئۈچۈن



جان پىدالىق كۆرسەتسە، مىنۇت، سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي ئۆگەنسە، ئىشلىسە، ئىجات قىلسا ۋاقىت ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇيدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە كىشىكى ۋاقىتقا خىيانەت قىلسا، مەنىسىز، بىھۇدە ئىشلار ئۈچۈن زايا قىلىۋەتسە ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىدۇ. يېقىندىن بۇيان ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ تىرىشىپ ئۆگىنىۋىدىم، ھەرقايسى دەرسلەردە خېلى ئالغا بېسىپ قالدىم. بۇندىن كېيىن ۋاقىتتىن ئىبارەت خالىس، سېخى، شۇنداقلا رەھىمسىز بوۋاينىڭ پېشىگە مەھكەم ئېسىلىپ، داۋاملىق يۈگۈرۈپ ئۆرلەيمەن ...

— ئوقۇغۇچى توختىدى.

قادىر چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ تۇرغان ھالدا سۆزلىدى:

— ياخشى يېزىپسىز، بۇ بىرقانچە ۋاقىتتىن بۇيان يازغان ماقالىلىرىڭىزنىڭ تەرەققىياتى بولۇپتۇ. تىرىشچانلىق — ئالغا باسقانلىق دېگەن شۇ دە ...

ئۇ قىزىپ سۆزلەيتتى. ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ سۆزىنى تولۇق ئاڭلاش ئۈچۈن نەپەس ئېلىشتىن توختاپ قالغاندەك جىم-جىت ئولتۇرۇشاتتى ...

ئانارمۇ باشقا بىر سىنىپتا تېخى باياتىن ئۆزى ئىشلەپ كۆرسىتىپ بەرگەن كۈن نۇرلۇق لامپىنى قۇراشتۇرۇش تەجرىبىسى ئۈستىدە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇستەقىل ئىشلەپ مەشق قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرمەكتە ئىدى.

— چاتاق چىقتى، — دېدى بىر ئوقۇغۇچى تۇيۇقسىزلا.

ئانار بۇرۇلۇپ، قاراپ سورىدى:

— قەيەردىن؟

— مانا، ماۋۇ لامپىنى ئۈچ قېتىم ئالماشتۇرۇپ سالساممۇ "لاپ" قىلىپلا ئۆچۈپ قېلىۋاتىدۇ. قارىسام ھەر قېتىمدا لامپا كۆيۈك.

ئانار تەجرىبە سايمىنىنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە ئىنچىكە كۆزەت-
كەندىن كېيىن دېدى:
— مانا چاتاق شۇكى، دىيەنرۇڭچى، جىڭلىيۇجىدىن
كېيىن ئۇلىنىپ قالغان.
ئۇ دىيەنرۇڭچىنى جىڭلىيۇجىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ لامپا سالغان
ئىدى، ئاپپاق نۇر چېچىپ يورۇدى ...
— ماۋۇمۇ چاتاق بولۇۋاتامدىغۇ؟ — دېدى يەنە بىر
ئوقۇغۇچى.
ئانار ئۇنىڭ قېشىغا باردى. دىگەندەك لامپا بىر يېقىلىپ،
بىر ئۆچۈپ، خۇنۇك لاپىلداپ تۇراتتى. ئۇ تەجرىبە سايمىنىنى
ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن:
— مانا بۇنىڭدا قوزغاتقۇچ جىڭلىيۇجى بار تەرەپكە ئۇلىنىپ
قالغان، — دېدى. ئاندىن ئۇ، قوزغاتقۇچنى جىڭلىيۇجى يوق
تەرەپكە يۆتكىۋىدى، لامپا نۇرلىنىپ تولۇق ياندى ...
ئانار سىنىپتا ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم بېرەت-
تى. ئوقۇغۇچىلارمۇ پۈتۈن دىققىتى بىلەن تەجرىبە مەشقى-
ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كەتكەن ئىدى ...
كەچلىك مۇزاكىرە ئاخىرلاشتى ...
قادىر بىلەن ئانارنىڭ، قادىرنىڭ ياتىقىدا سۆزلىشىپ
ئولتۇرغىنىغا ھەلەم بولدى. ئىككىسى تېخىچە مۇھەببەت روما-
نىنىڭ ئۆزئارا سۆز بېرىش باپلىرىنى نەدىن، نىمە دەپ
باشلاشنى بىلەلمەي بىتاقەت ئىدى ...
ئۇلار بىتاقەت بولۇپ تۇرسۇن، سىلەر — سۆيۈملۈك كىتاپ-
خانلىرىم، ئېيتىشقا تېگىشلىك كىچىككىنە ھېسسىياتىم بار، دەۋالاي.
ئېخ ... كۆڭۈل، گويا بىر شىشە قۇتىغا ئوخشايسەن، سۈزۈك-
سەن، نازۇكسەن، لېكىن چىداشلىقسەن، ھەمىشە ئېھتىيات،



تارتىنىش ھەتتا قورقۇش "پەرىزاتلىرى" بىلەن باتۇرلۇق
"سەركەردە" لىرىنى چىن دوست تۇتۇپ يۈرىسەن، چىن
سۆيگۈنىڭ پىداكارلىرى ئۇچرىشىپ، قوي كۆزلەر خۇما كۆزلەرگە
تىكىلگەندە، ئېھتىيات، تارتىنىش ھەتتا قورقۇش پەرىزاتلىرىڭنى
چىقىرىپ سېھىرلەيسەن. ئۇلار بىر .. بىرىنىڭ ئۆتتەك يالقۇن-
جاپ، ماگنىتتەك تارتىشىپ تۇرغان كۆڭۈللىرىنى بىلىپ تۇرۇشسىمۇ،
سېھىرلىك كۈچۈڭدىن بەھۇشلۇق دورىلىرىنى ئىچىۋالىدۇ. چىن
سۆيگۈنىڭ پىداكارلىرى — يىراقتا تۇرۇپ، بىر - بىرىنى
ئويلاشقاندا، سېغىنغاندا، باتۇرلۇق سەركەردىلىرىڭنى ئەۋەتىپ
"ئاسماندىكى لاچىننى قىل بىلەن تۇتاي دەيمەن، كۆڭلۈمدىكى
يارىمنى چاي بىلەن يۇتاي دەيمەن" دىگەندەك جاسارەت
بىلەن مۇكاپاتلايسەن...
ئەمدى ئۇلارغا قايتايلى.
ئاخىرى قادىرنىڭ يۈرىكىدە بارغانسېرى يىلىنجاپ كۆيۈۋات-
قان بۇ رومان ئوتى ئۆزىنىڭ كۈچلۈك نۇر ۋە ھارارىتى
بىلەن بۇ باپلارنى يېزىۋەتتى.
— قاراڭ ئانار، كېچىچە ئاجايىپ، كارامەت بىر چۈش
كۆرۈپتىمەن، — دېدى قادىر.
— قانداق چۈش كۆرۈپسىز؟ — دېدى ئانار قىزىقسىنىپ.
— قىزىق ... چۈشۈمدە بىر بۈركۈت بولۇپ ئاسماندا
ئۇچقۇدەكمەن، ئۇچۇپتىمەن ... بىر چاغدا بىر
گۈلزارلىقنىڭ ئۈستىدىن ئۆتكۈدەكمەن، گۈلزارلىقنىڭ ئارىسىدا،
قىزىل گۈلدىن گۈلدەستە تىزىۋاتقان ھالدا سىزنى كۆرۈپتىمەن،
سىزمۇ كۆككە بېقىپ، ماڭا قاراپ ھېلىقى گۈلدەستىڭىزنى
پۇلاڭلىتىۋاتقانمىشسىز. خۇشاللىقىمدىن ئاسماننىڭ قەرىگە تىك كۆ-
تىرىلىپتىمەن، يېنىپ پەسكە شۇڭغۇپتىمەن، سىزنى قامالاپ تۇتقى-
نىمچە بۇلۇتنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ كېتىپتىمەن، ھا - ھا - ھا!..

قادىرنىڭ ھەقىقى چىن كۈلكىسى ئەتراپنى ياڭرىتىۋەتتى. ئانارنىڭ بىر جۈپ كۆزىدە، چاقناپ تۇرغان پارلاق بىر نۇر — ئۇنىڭ بۇ چۈشتىن چەكسىز مەمنۇن بولغانلىقىنى كۆرسىتەتتى.

— چۈشمۇ كارامەت بولىدىكەن - ھە! — قادىر شۇ سۆزنى ئېيتتى - دە، يەنە كۈلۈپ كەتتى.

— چۈشكە نىمىلەر كىرمەيدۇ؟ — دېدى ئانارمۇ كۈلۈپ، — كېيىن ئۇمۇ باشلىدى:

— مەنمۇ ئۆتكەندە بىر چۈش كۆرۈپ قاپتىكەنمەن، چۈشۈمدە دەريادا قېيىق ئۈستىدە تۇرۇپتىمەن، قارىسام يېنىمدا سىز بىللە تۇرغۇدەكسىز، كۆك ئاسماندىكى تولۇن ئاي بىزگە قاراپ كۈلگۈدەك ...

ئانارنىڭ چىرايى كۈلكە بىلەن نۇرلىنىپ كەتتى، قادىر مەنىلىك قىلىپ، قىزىقچىلىق بىلەن قوشۇپ قويدى:

— ھەسەتخورلار ھومىيىپ تۇرار ئۆلگىدەك، دېمەمسىز؟

— ھە، بۇمۇ بار ئىش ...

ئىككىسى بىر - بىرىگە تەبەسسۇم قىلىشاتتى، ئاندىن قادىر دەرىزە ئالدىغا كېلىپ، دېدى:

— قاراڭ ئانار! بۈگۈن ئاي نېمىدىگەن نۇرلۇق - ھە! سۈتتەك ئايدىڭ كېچە ...

ئانارمۇ دەرىزىنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە، دېدى:

— ئەنە، ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئاي ...

تولۇن ئاي ئۇلارغا موھلەت بەرگەندەك بىردەمگە بىر پارچە بۇلۇت ئارىسىغا يوشۇرۇندى. دەرىزىدىن كىرىۋاتقان كېچىنىڭ سالقىن شاملى ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئەگىپ ئۆتەتتى ...



## ئالتىنچى باپ

كېچە، ھەممە شىرىن ئۇيقۇدا ...

كىرىم ئۆيىدە توختى بىلەن ئولتۇرىدۇ. ئىككى ئادەتتىكىچە ساپا، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كىچىك چاي شىرەسى ئۈستىدە مەزە: ئۈچ تەخسىدە كەمپۈت، پېچىنە، سەي، بىر شىشىدە ئىچىلىپ ئىككى رومكىچە قالغان "كۈنلۈن ئاق ھارىقى"...، بۇ نەرسىلەر ئۇلارنىڭ پاراڭلىشىپ ئولتۇرغىنىغا خېلى ۋاقىت بولغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. لېكىن ئىككىسىنىڭ كەيپى ئانچە چاغ ئەمەس ئىدى. بولۇپمۇ توختىنىڭ چىرايىدىن بىر خىل خاراموشلۇق، ئاللىقانداقتۇ بىر خىل مەيۈس ھالەت چىقىپ تۇراتتى. تۇرۇپ جىددىيلىشەتتى، يەنە تۇرۇپ ساھىپخانىنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ، ئۇنىڭدىن شۈبھىلىك، شەيتانلىق كۆلەڭگىسىنى كۆرگەندەك بولاتتىيۇ، ئېغىر بىر خۇرسىنىپ جىم قالاتتى.

كىرىم ئالدىدىكى رومكىنى قولىغا ئېلىپ، بىر پەس تۇتۇپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىكى ھاراقنى غۇپپىدە ئىچىۋەتتى - دە، توختىغا قاراپ سۆزلىدى:

— توۋا دەيمەن ... "ئۆزەم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا ..." دېگەندەك ئىش بولۇۋاتىدۇ - دە، سىزنىڭ ئىشىڭىز ئۈچۈنمۇ مەن ئەيىبلىكمۇ، ھە؟

— ياق ...، — دېدى توختى، — ئۇنداق دېمەكچى

ئەمەسسىز، ئىككىمىزنى شۇنچە يېقىنلاشتۇرغان نەرسە — سىزنىڭ بىرقانچە قېتىم ماڭا بەرگەن مەسلىھەتىڭىز بولغان ئىدى. بىراق، ئۇ قىلچە كارغا كەلمىدى. كىشىنىڭ سايىسىغا چالما ئاتقاندەك بىر ئىش بولدى.

— بۇنداق قاملاشمىغان گەپنى زادى قىلماڭ! ھەي-ھەي! ... ساۋاپنىڭ قوكىسى توشۇك، دېگەن شۇدە! — دەپ توختىنىڭ گېپىنى بولدى كېرىم، — مەس بولۇپ قالمىغانسىز؟ قاراڭ، خەلق ئىچىدە: "مەسلىھەتنى دوستۇڭغا سال، كېڭەشنى ئۆزەڭ قىل" — دېگەن ماقال بار. مەسلىھەت دېگەن — مەسلىھەتتە! ... مەيلى سىز نېمە دېسىڭىز دەۋېرىڭ، مەن سىزنى ئالاھىدە ھۆرمەت قىلىمەن، دىلىمدىن ئىشىنىمەن. ئىككى ئادەملا بار يەردە سىزنىڭ ياخشى تەرىپىڭىزنى قىلىپ، "قارچۇغىدەك يىگىت" — دەپ كۆككە كۆتىرىمەن. مەن دېمىسەممۇ، سىز بىلىدىمۇ، كېزىدىمۇ بار يىگىت، سىز راستتىن ئېيتقاندا كۆمۈلۈپ قېلىۋاتقان ئالتۇن، — ئۇ ئالاھىدە تەلەپپۇز بىلەن ئېيتتى، — خوش، شۇنداق ئىكەن، سىز ئۆزىڭىزنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭىزنىڭ جەزمەن غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىشىڭىز كېرەكتە. ئۇنداق ئۈمىتسىزلىنىپ، كەلسە - كەلمەس سۆزلەۋەرمەڭ، — ئۇ رومكىنى تولدۇرۇپ توختىغا سۇنۇپ داۋاملاشتۇردى، — ئۇكا، "دوست ئاغرىتىپ ئېيتار، دۈشمەن كۈلدۈرۈپ ..." دېگەندەك، سەممىي كۆڭلۈم بىلەن ئېيتايكى، سىزدە ئۆزىڭىز بىلەلمەيۋاتقان بىر نۇقسانلىق بار ئىكەن جۇمۇڭ. قايسى نۇقسانلىق دېمەمسىز؟ ... ھە، سىز رەقىبىڭىز بىلەن بولغان كۈرەشتە تازا قەيسەر ئەمەسسىز، مەنچە بولغاندا بو قېتىمقى رىقابەتتە رەقىبىڭىزدىن يېڭىلىپ قالسىڭىز قانداق باش كۆتىرىپ يۈرەلەيسىز، نومۇس ئەمەسمۇ سىزگە. سىز بىلەن كەسىپداش



بولۇپ تۇرغان بىر قىزنىڭ، يەنە كېلىپ سىز كىچە - كۈندۈز ئۇنىڭدا كويۇپ - پىشىپ تۇرغان بىر قىزنىڭ باشقىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشىگە ۋىجدانىڭىز يول قويامدۇ؟ ھەي، سىزنىڭ يىگىتلىكىڭىز! ... يىگىت دېگەن يىگىتتەك بولۇش كېرەكتە، ئويلاپ بېقىڭ، خوش، ھە خوش، ئىچىڭ!

كېرىم توختىنىڭ ساددا يۈرىكىگە ھەسەت ئوتىنى شۇنچە زورۇقۇپ ياققان بولسىمۇ، نەمشقىدۇر توختىدىن كۆڭۈلدىكىدەك جاۋاپ ئاڭلىمايتتى. "ۋۇي پاقا ئالالماس سا، ئىسست ساڭا باغلىغان ئەقىدەم ..." — دەپ ئويلايتتى كېرىم ئىچىدە ...

توختى ئالدىدىكى رومكىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭدىكى ھاراقنى ئاستا سۈمۈرۈپ ئىچىۋەتتى - دە، دېدى:

— تازا قەيسەر ئەمەسسىز، دەڭ! نېمە بولسا بولسۇن، بۇ ئىشنىڭ ۋاقتى ئۆتتى.

— ۋاقتى ئۆتتى؟! — كېرىمنىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى ياندىيۇ، ئۆزىنى زورىغا بېسىپ تۇرۇپ دېدى، — ئۇنداق ئەمەستۇ. ماقۇل، ۋاقتى ئۆتكەنمۇ بولسۇن، ئۆتسە نېمە بوپتۇ؟ — كېرىم رومكىنى تولدۇرۇپ "خوش" دېگىنىچە ئىچىۋەتتى، — سىز بۇ رىقابەتتە كۈچ كۆرسىتىشىڭىز كېرەك. يەنە دەپ قوياي، توختى، ئەگەر يېڭىلىپ قالسىڭىز كوپچىلىك ئىچىدە: "توختى دېگەن بۇ يارىماسقا ئانىسى قىز بالىنىڭ شۇمىكىنى ساپتىكەن" دېگەن سەت نامغا قالىسىز.

— نېمە ئامال بار دەيسىز؟ بۇ ئىككى كىشى ئوتتۇرىسىدىكى كۆڭۈل مەسىلىسى ئەمەسمۇ؟ كۆڭۈل دېگەننى كۈچ بىلەن ياكى پۇل بىلەن ئۆزىگە قاراتقىلى بولىدىغان نەرسە بولسىمۇ كاشكى ...

— قويۇڭ، شۇمۇ گەپمۇ؟ قىز دېگەن يىگىتنىڭ گۈلى، بۇ

گۈلنى پۈرايمەن دېسەڭ چەۋەنداز بول .... مەسىلى سىز بىر بۈركۈت بولۇڭ - دە، قىز بىر چوجە، سىز ئۇنى قامالالاپلا ئېلىڭچۇ قېنى، قىزنىڭ مىدىر - سىدىر قىلالمىغىنىنى كۆرۈڭ... تېخى سىز كۆڭۈل مەسىلىسى دەپ قاپسىز؟! قىزنىڭ كۆڭلى يىگىتنىڭ قولىدا. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا قىزنىڭ كۆڭلى — يىگىتنىڭ كۆڭلى ....

— ئەمما، رەقىپ كۈچلۈكتە ....

— كۈچلۈك بولۇپ قانچىلىك نېمىدى ئۇ؟

— كۆرۈپ تۇرۇپسىزغۇ؟! ئاددىسى ئۆتكەن نوۋەتتىكى خىزمەت ئىلغارلىرىنى سايلاشتا ئۇ پۈتۈن مەكتەپ بويىچە ئەڭ زور قوللاشقا ئېرىشتى. سىزنىڭ بەرگەن بىرنەچچە تۈرلۈك پەكرىڭىز ئۇنىڭ بىر تال مويىنىمۇ تەۋرىتەلمىدى. ئەكسىچە سىز كۆپچىلىكنىڭ ئەڭ زور قارشىلىقىغا ئۇچرىدىڭىز. ئاخىرىدا ئۇ، ئەڭ كۆپ ئاۋاز بىلەن سايلامدا ئۆتۈپ چىقتى.

— بۇ پەقەت ۋاقىتلىق بىرلا كۆرۈنۈش ئۇكا، بۇ تېخى ئىشنىڭ ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي پايدىلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ. "ئالدىدا ئۆتقان كۆل ئۆتار، كەينىدە ئۆتقان پۇل" ئەمەسمۇ؟ — ئۇ كۈلدى، — مەن سىزگە بىر گەپنى دېي ... تۈنۈگۈن ئۇ بىرەيلەنگە: "توختى دېگەن بۇ بىر نېمە ئۇچىغا چىققان تەلۋە ..." دەپ سىزنى تىللاپ بېرىپتىمىش.

— سىزگە كىم دېدى بۇ گەپنى؟ توختىنىڭ چىرايى جىددىي تۈس ئالدى.

— ھەي، سوراپ نېمە قىلىسىز؟ گېپىمنىڭ ئاخىرى بار، يەنە تېخى ئۇ بىرەيلەنگە: "توختى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيدىغان چېغىدىمۇ تۇتامى يوق بىر نېمە ئىدى، ئۇ ئوقۇتۇش ئىشلىرى راسا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ باشباشتاقلىق كۈچەيگەن يىللاردا



ئوقۇش پۈتتۈرگەن، ئۇ ھېچنەرسە ئۆگەنمەيلا ئەپلەپ - سەپلەپ خىزمەتكە چىقىۋالغان، توختى ھېلىمۇ ھارامزەدىلىك بىلەن جان بېقىۋاتىدۇ ..." دەپ سىزنى كەمسىتىۋاتقانلىقىنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلاپ قالدىم، — گېرىم ھەييارلىق بىلەن توختىنىڭ كۆزىگە تىكىلدى. بۇ سۆزلەر گويا شاماللدۇرغۇچتەك توختىنىڭ يۈرىكىدىكى ئالىسقاچان پەسلەپ قالغان رەشىك ۋە ئۆچمەنلىك ئوتىنى يېڭىۋاشتىن پۈۋلەپ ئۇلغايتماقتا ئىدى. ئۇنىڭ رەڭگى - روھى بىردىنلا ئۆزگىرىپ قاپىقىدىن قار يېغىشقا باشلىدى. گېرىم ئۇنىڭغا قاراپ كۆڭلى بىر ئىشتىن قانائەت ھاسىل قىلغاندەك بولدى - دە، سۆزىنى داۋام قىلدى:

— خوش، شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭ بىلەن جاننى تىكىپ بەل تۇتۇشۇشقا توغرا كەلمەمدۇ؟! ئۇكا. خەخ بىلەن خەخنىڭ نېمە ئىشى، سىز بىلەن سىرداش، جان - جىگەر بولۇپ قالغانلىقىم ئۈچۈنلا كۆيۈنۈش نۇقتىسىدىن بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتىمەن. ياخشى نىيەت بىلەن مەسلىھەت بېرىمەنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئاخىرغىچە ئېلىشىڭ!

— قانداق ئېلىشىمەن؟

— يېڭى چارىلەر بىلەن ...

— يېڭى چارىلەر بىلەن؟!

— ھەئە ... خۇددى جىننى ئۇسۇلغا سالغاندەك ... ياكى ھارۋا بىلەن توشقان ئالغاندەك ... ئۇقتىڭىزمۇ؟

توختى ئۈنچىقمىدى، بارغانسېرى ئۇنىڭ پىكىر - خىيالى مۇرەككەپلەشمەكتە ئىدى. ئاخىرى ئۇ، چىداپ تۇرالمىدى.

— ھەي، گېرىم ئاكا، قېنى قۇيۇڭ ھارىغىڭىزنى! سەن قادىر، شۇنچىۋالا كورەڭلەپ كەتتىڭمۇ تېخى!؟ ئانار سېنىڭمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ياكى مېنىڭمۇ؟ بۇ ئالدىمىزدىكى ئىش تېخى ... — ئوختى بىردىنلا قاينىغلى تۇردى ...

كېرىم بولسا يوشۇرۇن قەلب كۆلكىسىدىن مەس ئىدى ...

شۇ چاغ توك قاچتى، ئۆيىنىڭ ئىچىنى تۈن قاراڭغۇلۇغى قاپلىدى...

تالاغا چىقسىڭىز ئاسماندا سانجاق - سانجاق يۇلتۇزلار چاراقلاپ يېنىپ تۇراتتى، بولۇپمۇ چولپان يۇلتۇزى ھەممىدىنمۇ بەكرەك نۇرلىنىپ يەر - جاھانغا خۇش تەبەسسۇم بىلەن باقاتتى.



# يەتتىنچى باپ

بۈگۈن كېچە ئىشخانا بىناسىنىڭ كارىدور تېمىغا چاپلانغان بىر پارچە چوڭ خەتلىك گېزىت ھەممەيلەننىڭ دىققىتىنى قوزغىدى:

"... ئاتالمىش 'ئىلغار ئوقۇتقۇچى' قادىر — ئەمىلىيەتتە ئەڭ ئوچچىغا چىققان قالاق، ئۇ، ئۆتكەن شەنبە كۈنى كەچتە شەھەردىن چىقىۋېتىپ بىر بۇزۇق ئايالنى ئىندەككە كەلتۈرۈپ بىر كېچە ياتىغىدا قوندۇرغان ... بۇخىل چېكىدىن ئاشقان ئەخلاقسىزلىق قىلمىشنى كورمەسكە سېلىپ ئۆتكۈزۈۋېتىشكە بولمايدۇ. ئۆزىمىزنىڭ ساپ قەلبىمىز ۋە پۈرولېتارىياتلىق مەجبۇرىيىتىمىز بىلەن تەشكىلگە مەلۇم قىلىشنى توغرا تاپتۇق، تەشكىلنىڭ سەل قارىماسلىغىنى ئۈمىت قىلىمىز.

ھورمەت بىلەن:

خەنجەر ۋە توقماق»

بۇ خۇددى چۈچىتىلگەن ياققا پىياز سالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ پۇرىغى ئەتراپىنى بىر ئالغاندەك، ئەتىگەندىلا پۈتۈن مەكتەپكە پۇركەتتى. ھەممىلا يەردە، بارلىق كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا مۇشۇ توغرىلىق پاراڭ قوزغالدى.

تىل - ئەدىبىيات ئوقۇتۇش گورۇپپىسىدىكى تالاش - تارتىش تېخىمۇ قىزغىن تۈس ئالدى، كېرىم ئاق قۇچقاچتەك جاۋىلدايتتى:

— بۇ بالا توغرىسىدىكى قارىشىم باشتىلا باشقىلارنىڭكىدىن باش-

قىچىرەك ئىدى، — دەيتى ئۇ، — راستىنى دىگەندە قادىر ئۆزۈدىن بۇيان قوۋلۇق بىلەن شان-شەرەپ تېپىپ كەلدى. مانا ئەمدى راستىنلا مىزى چىقتى، "ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا، ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە" — دىگەن شۇدە ...!

يەنە بىر ئوقۇتقۇچى كىرىمنىڭ سوزىنى قوۋۋەتلىدى:

— كىم ياخشى، كىم يامان، مانا بۈگۈن ئاشكارىلاندىغۇ؟ قىڭغىر ئىش قىرق يىلغىچە ... ئۇ ھەر قانچە قىلىپمۇ ئۆزىنىڭ ئەگرى-بۈگرى يەرلىرىنى يوشۇرالماي قالدى-دە!

شۇ چاغدا يەنە بىر ئوقۇتقۇچى سوز ئالدى:

— مېنىڭچە قادىر-ئۇ يولغا ماڭمايدۇ، ئۇنىڭ مۇنداق پەسكەشلىك بىلەن شۇغۇللىنىشىنى مەن ئەقلىمگە سىغدۇرالمايمەن، كىم بىلىدۇ، بەلكىم بۇ گەپنىڭ ئۆزىشتۇمتۇت ئوتتۇرىغا چىقىپ قېلىشىدا بىرەر كوڭلى قارىنىڭ سۈيىقەستلىك ھەركىتى بارمۇ تېخى ...

تالاش-تارتىش باشلانغاندىن بېرى ئۈنچىقماي ئولتۇرغان ئالىم ئاكا ئەندى سوز ئېلىپ چورتلا دىدى:

— قادىرنى پەرىشتە دەپمۇ قارىمايمەن، ئۇمۇ ئىنسان. ئىنسان ئىكەن ھەرخىل نۇقسانلاردىن خالى بولمايدۇ. بىراق، قادىر ئۈستىدىكى ئۆزۈن مەزگىللىك كۈزىتىشىمگە ئاساسەن شۇنداق دىيەلەيمەنكى، ئۇ، بۇنداق ناشايەن ئەدەپسىز ئىشلار بىلەن ئوزىنى بۇلغاشنى خالىمايدۇ. مېنىڭچە، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى بۇ ئاجايىپ ئېيىپتە جەزمەن بىرسىنىڭ-بىر كەمدەك ھەييارىنىڭ ئويۇنى بارغۇ دەيمەن. — ئالىم ئاكا مىيىقىدا كۈلدى ۋە ھەممەيلەنگە بىر-بىرلەپ قاراپ چىقتى، كېيىن كىرىمگە مىقتەك قادالدى. بۇ قادىلىشتىن كىرىمنىڭ بۇرنىنىڭ ئۇچى تەرلەپ، رەڭگى-روھى ئىختىيارسىز تاتاردى. ئالىم ئاكا بىردىن جىددى تۇسكە



كىرىپ سوزلىدى، — چوقۇم ئېيتىمەن، توز يالىغان ئىت قوپارغۇ ئاستىدا ئولىدۇ. ئادەملەرنىڭ ھاياتى، ئىستىقبالى بىلەن ئويىنىشقان بىر ئوچۇم مىتە قۇرۇتلار كۈنلەرنىڭ بىرىدە تارىخنىڭ ھەققانىي جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

— سەن قادىرنى ئاقلىماقچىغۇ دەيمەن؟ — دىدى كىرىم توكتەملىك بىلەن سوز قىستۇرۇپ.

— مەن كوز قارىشىمنى قويدۇم، ئاقلاش ئىشىغا كەلسىدىغان بولساق، مۇبادا شۇنداق بىر زورۇرىيەت تۇغۇلۇپ قالسا، ئۇنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك ئاقلىغۇچىسى ئوزەم بولىمەن.

— ئويلاپراق سوزلە! ئازراق ئىمكانىيەت قالدۇرغىنىڭ تۈزۈك دەيمەن.

— ئىمكانىيەت دەمسەن؟ مېنىڭچە مەسىلە ئايان، چوڭ خەتلىك گىزىتتە بۇ مەسىلىنى "ئوزىمىزنىڭ ساپ قەلبىمىز ۋە پرولېتارىياتلىق مەجبۇرىيىتىمىز بىلەن تەشكىلگە مەلۇم قىلىشنى توغرا تاپتۇق. تەشكىلنىڭ سەل قارىماسلىقىنى ئۈمىت قىلىمىز. ھورمەت بىلەن خەنجەر ۋە توقماق" دەپ يېزىپتۇ، ئوزىنى ۋىژدانلىق ھىساپلىغان بۇ كىشىلەر ئەجەبا ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىشتىن قورقىدىكەن!؟ بۇ ئۇلارنىڭ پاكىتقا ئىگە بولغانلىقىمۇ؟ خەنجەرمىش، توخماقمىش تېخى! بۇ تىرناقتىن كىر ئىزلەپ، قىلنى پىل قىلىپ كورسىتىپ پىتنە-پاسات بىلەن كۈن ئوتكۈزۈپ نەپ ئېلىپ قالغان ھىلىقى "ئىسيانچىلار" نىڭ رەزىل ئويۇنى.

— ئالىم!؟ ...

— كىمكى ئوزىنى ۋىژدانلىق ھىساپلىسا، كىشىنىڭ بەختى-سائادىتىدىن كۈلسۇن، قايغۇ-زارىغا يىغلىسۇن، بۇ ئىنسانىي ئەخلاق.

ئوقۇتقۇچىلار بىر-بىرىدىن سوز تارتىۋېلىپ تالاش-

تارتىشنى بارغانسېرى چوڭقۇرلاشتۇرماقتا ئىدى. ئىشىك ئېچىلىپ، ئىشخانىغا مەكتەپ مۇدىرى سادىق ئەپەندى كىردى-دە، ئالىم ئاكىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

— بۇ ئىشنىڭ تېگى-تەكتىگە يېتەلمەي بېشىم قاتتى، — دېدى سادىق ئەپەندى ئىشخانىسىغا كىرىپ ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئالىم ئاكىغا قاراپ، — قېنى، سىز ئېيتىپ بېقىڭا؟! بۇ قانداق ئىش زادى؟

— مەنمۇ ھەيرانە-ھەس، بۇ تولىمۇ كۈتۈلمىگەن تاسادىپىلىك، ئۇخلاپ چۈشۈمگىمۇ كىرمىگەن ئىش، — دەپ جاۋاپ قايتۇردى ئالىم ئاكا.

— مەن ئويلايمەن، — دېدى سادىق ئەپەندى، — قادىرمۇ ئىنسان، ئۇڭا ئۇنىڭغىمۇ ئىككى تەرەپلىمە قارىماي بولمايدۇ، مىش-مىش گەپلەردىن قارىغاندا، شۇ كۈنى كەچ مەھەل ئۇنىڭ ياتىقىغا بىر ئايالنىڭ كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كورگەنلەر باردەك قىلىدۇ، ئەمما، مېنى قالتىس گۇمانغا سېلىۋاتقان ئىككى ئىش بار: بىرى، ئەگەر مەلۇم قىلىنغان مەسىلە ئىشەنچىلىك بولىدىغان بولسا، ئۇلار نىمە ئۈچۈن ئۆز ئىسىملىرىنى يوشۇرۇپ، سىمۋوللۇق ئىسىم قوللىنىدۇ؟ يەنە بىرى، نىمە ئۈچۈن ئالدى بىلەن تەشكىلگە مەلۇم قىلماي ئوغرىلىقچە تامغا چاپلىشىدۇ؟ بۇ ئىشتا چوقۇم بىر شەيتانلىق بارمىكىن دەيمەن؟

— بۇ ئىش مېنىڭ يۈرىكىمنى بەكمۇ ئېچىشتۇردى. يىگىرمە نەچچە يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ نۇرغۇنلىغان ياشلارنى تەربىيىلىدىم، يەنە ئاز بولمىغان ياشلار بىلەن ئۇچراشتىم، ئۇلارنىڭ ئىچىدە مېنىڭ ئەقىدەم ۋە ئىشەنچىمنى ئەڭ كۈچلۈك دەرىجىدە جەلىپ قىلغىنى قادىر بولغان ئىدى. بىر كىتابنى ئوقىسام: "ئول ياشكى ئون سەككىز ياشتا بىر ئائىلىگە باش



www.uyghurkitap.com

بولدى. ئول كىشكى قىرق ياشتا تەلۋە-تەنتەك ياش بولدى" دەپ يېزىپتىكەن. يەنە، مەشھۇر شائىر شەيخ سەئدىنىڭ «گۈلۈستان» دىگەن داڭلىق ئەسىرىدىن مۇنداق بىر كۇپلىت شېئىرنىمۇ كورگەن ئىدىم:

بولۇپتۇ قەترى سۇ سۇرەتتە ئادەم،
كى قىرق كۈن ئانىسى قارنىدا ياتقان.
قىرق يېشىدا بولمىسا ئەقىل ھەم ئەدەپ،
ئۇنىڭ ئادەملىگى ئەلۋەتتە يالغان.

مېنىڭ چۈشۈنىشىم شۇكى: بۇ، كىشىلەرنىڭ تەربىيىلىنىش جەريانى بىلەن تەربىيىنى قوبۇل قىلىشنىڭ ئۆزگۈچىلىگىگە قارىتىلغان بولسا كېرەك! قادىر بۇ ئەخلاق ئىمتىھانىدىن ئەلا نەتىجە بىلەن ئۆتۈپ كېلىۋاتقان ئەمەسمۇ؟! ئۇنىڭغا كوز تەككەندەكلا بىر ئىش بولدى. مەنمۇ بۇ ئىشتا چوقۇم بىر يامان قول بارمىكىن، دەپ ئويلايمەن. بايا سىلەر دىگەن مىش-مىش گەپكە كەلسەك ئۇنىمۇ تەكشۈرمەي بولمايدۇ.

— قادىرنىڭ كەيپىياتى قانداقراق؟

— كەيپىياتى ... ئۇ دەيدۇ: ھاقارەت، توھمەت-مىھماندەك ئەدەپلىك، خۇش پېئىل، مۇلايىم كەلمەيدۇ، ھامان قاراقچىدەك كېلىدۇ. بۇنداق كىشى بىزنىڭ سەگەك تۇرۇشىمىزغا پايدىلىق، مەن ھازىرچە ئۆزەمنى ئاقلىمايمەن. ئامما، تولۇق ئىشەنچ بىلەن ئېيتالايمەنكى، قەلبىم پاك، قېنى تەكشۈرۈپ بېقىشسىلا، ھەر ھالدا ھايات مۇرەككەپ ئىكەن، مېنىڭمۇ مۇرەككەپرەك بولۇشۇمغا توغرا كېلىدىغان ئوخشايدۇ ...

— ياخشى دەپتۇ. مەن مۇنداق ئويلاۋاتىمەن، بۇ ئىشنى

جىددىراق تۇتۇپ بىر تەرەپ قىلىۋېتىشىمىز لازىم. ھە، ئۆدىكىنى
ئۆدەك، غېزىنى غاز قىلىۋەتمىسەك ياخشى بولمايدۇ.

— مەنمۇ شۇ پىكىردە.

— مۇنداقتا سىزگە مەسلىھەتىم، بۇ ئىشقا ئۆزىڭىز قول
سالسىڭىز قانداق؟

— بولىدۇ، بولىدۇ.

— تېزرەك، تەپسىلىرەك، ئىنچىكىرەك بولسۇن!

— خاتىرجەم بولسىلا!

ئالىم ئاكا مۇدىرنىڭ ئىشخانىسىدىن چىققاندا، ئىشخانا بىنا-
سىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى ئىشىكىدە توختى بىلەن ئانار سۆز-
لىشىپ تۇراتتى.

— چوڭ خەتلىك گېزىتنى كۆردىڭىزمۇ؟ — دەيتتى توختى.

— كۆرمىدىم، ئاڭلىدىم، — دەپ جاۋاب بېرەتتى ئانار.

— بۇنىڭغا قانداق قاراشتىسىز؟

— قادىر خۇددى قۇمدىن سۈزۈپ ئېلىنغان ئالتۇنغا ئوخ-
شايدۇ. بۇ گەپ-سۆزلەر قادىرغا قىلىنغان بىر تۆھمەت بولۇپ،
گويا ئۆدەككە سۇ يۇقمىغاندەك، ئۇنىڭغىمۇ يۇقمايدۇ.

— ئەگەر ئىش راستىنلا شۇنداق بولۇپ چىقسىچۇ؟

— خاتىرجەم بولۇڭ، لەۋزىمگە ئىگىمەن.

— ھېچ بولمىغاندا، شۇنداق دەپ پەرەز قىلىنغاندىچۇ؟

— ھە! سىز زادى مەندىن نېمىنى كۈتمەكچىسىز؟

— ئەگەر راست بولۇپ قالغاندا، قانداق قىلىسىز دېمەكچى-
مەن.

— ئۇنداقتا، بۇ ئانىسى ئوغۇل بالا دەپ تۇغۇپ، ئۆستۈر-
گەن بىر ياخشى يىگىتنىڭ تاسادىپىي تېيىلىپ كېتىشى بولىدۇ-
دە! ئارقىدىن ئۇ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ۋۇجۇدىغا يېپىشىۋالغان



كىرلارنى پاكىز يۇيۇۋېتىپ، توغرا يولنى بويلاپ ئالغا بېسى-
ۋەرسىلا بولمامدىمۇ؟ ھە، سىزنىڭ مەندىن تىلەپ قىلىۋاتقان
جاۋابىڭىز باشقىچىرەكمىدى — يە؟

توختى ئۈنچىقمىدى. ئۇ نېمىشقىدۇر سالپىيىپ كەتكەن ئىدى.
ئۇنىڭ يۈرىكى ئېگىز-پەس سالاتتى. ئانار چىرايىغا سەلگىنە
كۈلكە تۈسىنى بېرىپ داۋام قىلدى:

— توختى، سىز نېمە ئۈچۈن كىشىلەرگە ئۇنداق ھەسەت
ۋە ئۆچمەنلىك بىلەن قارايسىز؟ ئېيتىڭا، بۇ مەرەز زادى
سىزگە كىمدىن يۇقۇۋاتىدۇ؟

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز، ئانار؟

— ئاڭلاڭ! بىز ئىلگىرى ساۋاقداش ئىدۇق، ھازىر خىزمەتداش
بولۇپ قالدۇق. قايسىمىزدا بىرەر خاتالىق، سەۋەنلىك كۆرۈل-
سە، دوستانىلىق بىلەن ئۆزئارا ياردەم بېرىش مەسئۇلىيىتىمىز
بار. كىشىلەرنىڭ ئىستىقبال يولىغا قىلتاق قويۇش، كىشىلەرنىڭ
بەختسىزلىكى بىلەن ھوزۇرلىنىش ھەققىي ۋىجداننىڭ ئىشى
ئەمەس.

— گېپىڭىزنىڭ ئورامىدىن قارىغاندا، مەن ۋىجدانسىز ئوخ-
شايمەن، شۇنداقمۇ؟

— ئېھتىمال، بەزى يامان كىشىلەرنىڭ سېھىرلىرىگە ئالدىنىپ
كېتىپ، ئىندەككە كېلىپ قالسىڭىز ۋىجدانسىزلارچە بەزى يامان
ئىشلارنىمۇ قىلىپ قويۇشىڭىز مۇمكىن.

— بۇ گېپىڭىزدىن نېمە مەنا چىقىدۇ؟

— ئىلپىتىڭ قاغا بولسا، يېمىشىڭ پوق، دېگەن مەنا چىقار...

— سىز ماڭا شۇنداق قاراشتىمۇ؟

— بىزدە "مەيدە ئاغرىتقان ئاش ئەمەس، كۆڭۈل ئاغرىت-
قان دوست" دېگەن گەپ بار. بىز دوست بولمىغان تەقدىردىمۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىر كەسپداشلارغۇ، شۇنى قەدىرلىسەك دەيمەن! شۇنىمۇ ئېيتىپ قوياي، مەن سىزنى يامان كورمەيمەن، يامان كورمىگىنىم ياخشى كورۈش تۇيغۇسىنىڭ شاھىدى بولمىسا كېرەك. قالغىنىنى ئۆزىڭىز ئويلاپ كورەرسىز، ئەمىسە، مەن سىنىپقا كەتتىم، — ئۇ كېتىۋېتىپ قوشۇپ قويدى، — يەنە بىر قېتىم سەمىڭىزگە سېلىپ قوياي، يېقىندىن بېرى خېلى ئۆزگىرىپ قالدىڭىز... چېيىغىر يوللاردا چەتنەپ يۇرۇۋەمەڭ. يولنىڭ تۈزى ياخشى. ئاندىن قادىر توغرىسىدا يېزىلغان "چوڭ خەتلىك گېزىت" شەكىللىك تۆھمەت بىلەن ئالدىراپ تولىمۇ كۆلۈپ كەتمەڭ! بۇ كۆلكىنىڭ ئۆمرى قىسقا، ھەقىقى ياگراق كۆلكە قادىرغا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇ ئالدىمىزدا تېخى...

— ئانار!... سىز...



# سەككىزىنچى باپ

ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتتى.

كەچقۇرۇن.

قادىر ئالىم ئاكىسىنى ئىزلەپ ئۇنىڭ ئۆيىگە بىرنەچچە نۆۋەت باردى، لېكىن ئۇنى تاپالمىدى، ئاخىرى چېكىش خىياللار بىلەن ئۆزۈنىچە ئولتۇرۇپ، ناھايىتى كەچ يېنىپ قالدى.

ئۇ ئۆتكەندە ئالىم ئاكىغا: "قەلبىم پاك... ماڭا قىلىنىۋاتقان بۇ تۆھمەتلەرنىڭ تېگى - تەكتى ئېنىقلانغىچە ئېغىر - بېسىق بولىمەن، بەك سارا سىمىگە چۈشۈپ كەتمەيمەن" — دېيىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئوكۇشسىزلىق ئالدىدىكى قەيسەر ئىرادىسىنى بىلدۈرگەن ئىدى. بىراق قادىر ئۆزىنى شۇنچە تەمكىن تۇتقان بولسىمۇ، يۈرىكىنى ئاللىقانداق بىر زىياندىش شىلىپ يەۋاتقاندەك بولاتتى، چۈنكى ئادەمنىڭ يۈرىكى — تۆمۈر - تەسەك ياكى ياغاچ-تاش ئەمەستە!... ئۇ، ھىس - تۇيغۇ، ھاياجان بۇلىغى، مۇھەببەت، نەپرەت، خوشاللىق ۋە غەزەپنىڭ خەزىنىسى. ئۇ ئىنتايىن سەزگۈر. شۇڭا قادىرنى بىر - بىرىدىن ئېغىر ۋە چىرماش ئوي - خىياللار چۇلغىۋالغان ئىدى؛ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، خىزمەتكە چىققاندىن بۇيانقى ئوكۇشلۇق ۋە ئوكۇشسىزلىقلىرى ئۇنىڭ كوز ئالدىدىن ئۆتەتتى:

... قادىر بىر دەرسنى خاتا ئوقۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى تەكشۈرگەن ھەم كوپچىلىك ئوقۇتقۇچىلارنىڭ، سەمىمى

نىيەت بىلەن قىلغان تەنقىدى ياردەملىرىدىن كېيىن، ئۇ ناھايىتى ئىلھاملانغان ۋە تەربىيىگە ئىگە بولغان ئىدى. ئەمما كوپچىلىكنىڭ ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن قىلىۋاتقان تەربىيىۋى سۆزلىرىگە ئايرىم بەزى كىشىلەرنىڭ ئۇنچىقارلىق بىلەن قىلغان زەھەردەك تەنىلىرىمۇ ئارىلىشىپ قالاتتى. ئەشۇ بىر قېتىم بىرەيلەننىڭ: "ھىم، كوردۇققۇ، ئىپتى ئولۇق، سوپرىسى قۇرۇق دېگەن شۇدە..." دېگەن سۆزى قادىرنىڭ ئوغىسىنى تولىمۇ قاينىتىۋەتكەن ئىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ يۈرىكى "ۋاققىدە" قىلىپ يېرىلغىدەك بولۇپ، ئويان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىرى ئالىم ئاكىنىڭ قېشىغا كىرىپ دەردىنى توككەن، ئالىم ئاكا بولسا ئۆزىنىڭ بېرىلىپ قىلىۋاتقان كەسپى ئۈگىنىشىنى قويۇپ، ئۇنىڭ گېپىنى سەممى ئاڭلىغان ۋە روھىي- ھالىتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى چۈشىنىپ، دەردى- ھالىغا يېتىپ، ئۆزۈنىغىچە ئاتا- بالىدەك ئۇچۇق- يورۇق مۇڭداشقان... شۇ كۈنكى پاراڭ قادىرنىڭ يۈرىكىدە ئۆچمەس تەسىر قالدۇرغان ئىدى:

— مەن سىزگە ئېيتسام، — دېگەن ئىدى ئالىم ئاكا،— دۇنيادا ساپ نەرسە يوق. ئايغا قارىڭا، ئۇنىڭ يۈزىدىمۇ داغ بار. ئالتۇننى تامامەن ساپ دەمسىز؟ ئۇنداق ئەمەس، ئۇمۇ زەرگەرنىڭ ئوچىغا كىرگەندە، ئۇنىڭ تەركىۋىدىكى كېرەكسىز نەرسىلەر ئىلغاپ تاشلىنىدۇ. خوش، ئادەممۇ شۇنداق. ئۇنىڭ ئۇ تۇغمىمۇ، يېتەرسىزلىكىمۇ بولىدۇ. ئوقۇيدىغان چېغىمدا بىر ساۋاقدىشىم بولۇپ، ئۇ بىر كۈنى سىنىپتا توپ تېپىپ ئويناپ، بىر كوزئەينەكنى سۇندۇرۇپ قويغاچقا، ھەممىمىزنىڭ ئۇنىڭغا ئاچچىقىمىز كەلگەن ئىدى. بىز ھەقچان ئوقۇتقۇچىمىز ئۇنىڭغا قاتتىقراق تەنبىھ بېرىدىغۇ—دەپ ئويلاشقان ئىدۇق، ئوقۇتقۇچىمىز ئۇنى ئىشخانىسىغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى.



كېيىن ئاڭلىساق، ئوقۇتقۇچىمىز ھېلىقى ساۋاقداشقا ناھايىتى ئىللىق مۇئامىلىدە تەربىيە بېرىپتۇ، "ياخشى گەپ ئىسسىقۇ، يامان گەپ سوۋۇتقۇ" — دېگەندەك، ئوقۇتقۇچىنىڭ سەممىي سۆھبىتى، جايىدا قىلىنغان تەربىيىسىدىن تەسىرلەنگەن ھېلىقى ساۋاقداش ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى دەرھال تونۇپتۇ- دە، ئوقۇتقۇچىغا: "ھورھەتلىك ئۇستازىم، سىلىنىڭ ئاتا- ئانامدىن چارى يېقىنچىلىق بىلەن قىلغان تەربىيىلىرىدىن دىلىم يورىدى. مەن بىخەستەلىك قىلىپ، كوپچىلىك ئۈچۈن زىيان ئۇرغانلىقىمغا بەكمۇ خىجىل، سىلىگە ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ۋەدە بېرىمەن، بۇندىن كېيىن يېتەرسىزلىكىمنى جەزمەن تۈزىتىپ كېتىمەن. يەنە بىر تەلىۋىممۇ باركى، مېنىڭ ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئالدىدا ئۆزەمنى تەكشۈرۈشۈمگە پۇرسەت بەرسىلە. مەن باشقىلار ئۈچۈنمۇ بىر جانلىق دەرسلىك بولسام، ئەگەر، شۇنداق قىلسىلا، تېخىمۇ خوش بولاتتىم"—دەپتۇ. كېيىنكى چاغلاردا ھېلىقى ساۋاقداش ھەممىمىزنىڭ ئۈگىنىش ئولگىسى بولۇپ قالدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ ئالغا بېسىش يولى ھەققىدە توختالغاندا مەنىلىك قىلىپ بىزگە: "ياش كوچەتلەرنى يارامىلىق دەرەخلەرگە ئايلاندۇرۇمىز دېسەك، ئۇنىڭ ياۋا شاخلىرىنى چاتاپ، تۇرۇشقا توغرا كېلىدىكەن. شۇنىڭدەك، بىزمۇ جەمىيەت ئۈچۈن يارامىلىق كىشىلەردىن بولۇپ يېتىشەيلى، دېسەك، باشقىلارنىڭ پىكىرلىرىگە قۇلاق سېلىشىمىز، باغۋەنلەرنىڭ ياۋا شاخلىرىمىزنى ئېلىپ تاشلىشىغا يول قويۇشىمىز كېرەك ئىكەن"—دەيتتى. ئۇكام قادىر، دەپ بېقىڭا، ئۇ ساۋاقداش قانداقراق ئىكەن؟

يۈقۈرقى ئېيتىلىۋاتقان گەپلەرنىڭ ئۆزى ئۈچۈن بىر قېتىملىق ئەمىلىي دەرس بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ تۇرغان قادىر ئالىم ئاكىنىڭ سوئالىغا: "ئۇ ساۋاقداش ھەقىقەتەن بىر ئالى-

جاناپ ئۇلگە ئىكەن" .. - دېگىنىچە، خىجىل بولغىنىدىن دەرر
زە تەرەپكە قارىۋالغان ئىدى. ئۇز شاگىرتىنىڭ خىجىللىقىنى
بىلگەن ئالىم ئاكا ئورنىدىن تۇرۇپ، دەرىزىنىڭ بىر كۆزىنى
قىيا ئېچىپ قويدى. كەچنىڭ غۇر - غۇر شامىلى ھويلىدىكى
گۈللەرنى سىيپاپ ئۆتۈپ، ئۆي ئىچىنى خۇش پۇراققا تول
دۇرۇۋەتتى. ئالىم ئاكا ئىچكەركى ئۆيدىن دۇتار ئېلىپ
چىقىپ:

— بىرەر - ئىككى پەدە ئاڭلاشقا ئىشتىياقىڭىز بارمۇ؟—
دېدى.

— زوقۇم بىلەن، — دېدى قادىرمۇ جاۋابەن.
شۇ ئەسنادا ئالىم ئاكىنىڭ ئايىلى چاي كەلتۈردى، ئالىم
ئاكا قادىرنى چايغا تەكلىپ قىلىپ قويۇپ، دۇتارنى ھاياجان
بىلەن چېكىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ بارماقلىرى تارا ئۈستىدە
چىۋەرلىك بىلەن ئويناپ، گويا دۇتارنى بۇلبۇلدەك سايرىتىشقا
باشلىدى. ئۇ بىر خىل يېقىملىق، لەرزان ئاھاڭ بىلەن «ئوقۇت-
قۇچىمەن» دېگەن ناخشىنى ئوقۇشقا باشلىدى:

ئىنسانلار روھىنىڭ ئىنژېنېرىمەن،
بۇ ماڭا خەلقىمىز بەرگەن زور ئۇنۋان.
رازىمەن بىر ئۆمۈر مەكتەپ - باغچىدا،
تەربىيچى - باغۋەن بوپ ئاققۇزسام تەر - قان.

ئۇنىڭ قەلبىدىن سۈپ - سۈزۈك بۇلاق سۈلىرىدەك چەشمە
بولۇپ ئېقىۋاتقان ناخشا ساداسى جانان چىمەندەك جاراڭلاپ،
جىم-جىت كېچە ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىپ، ئاستا - ئاستا تە-
بىئەت قوينىغا سىڭىپ كەتمەكتە ئىدى. قادىر ئىككى چېكىسىگە



ئاق سانجىلغان بۇ پىشقەدەم ئوقۇتقۇچىغا قارىغان-
ئەللەلەتتىن
زوقى كېلەتتى.
ىرى كۆپ ۋاقىتلار ئۆتمەي، كۆتۈلمىگەندە قادىر يەنە
ئاردىن
خاتالىق سادىر قىلىپ قويىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، ئىچ-
بىر
ئىچىدىن پۇچىلىنىپ، گويا خام سۇ يېغى ئىچىۋالغاندەك گاراڭ
بولۇپ قالدى. ھەممىلا كىشى ئۇنى ئەيىپلەۋاتقاندەك، نەپرەت
كۆزلىرى بىلەن قاراۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى، ئۇز - ئۆزىدىن
نىسىنچىلىق ھېس قىلاتتى. شۇ سەۋەپتىنمىكىن، ئۇنىڭ ئىش
ىنىھاسى تۆتۈلۈپ كەتتى، ئۇيقۇسى كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى.
كىنو - تىياتىرلارغىمۇ بارماس بولۇۋالدى. ئاخشاملىرى ياتقىدا
يالغۇز ئولتۇرۇپ، ئۆتكۈزگەن خاتالىقى سەۋەبىدىن ئۆزىنى تەك-
شۈرۈش يىغىنىدا كۆپچىلىكنىڭ بەرگەن پىكىرلىرى ھەققىدە
خىيال سۈرەتتى. ھەقىقەتەن ئۇ كۈنكى قادىرنىڭ خاتالىقى
ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تەكشۈرۈش يىغىنى باشقىچىلا بىر
قىزغىن تۈس ئالغان ئىدى:
— ئادەم ئۆرۈش، — دەيتتى بىر ئوقۇتقۇچى، — بولۇپمۇ
بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆز ئوقۇغۇچىسىنى ئۇرۇشى تولىمۇ قەبىھ-
لىك، ئەخلاقسىزلىق!
— ئۇ ئەسلىدە دەرسكە قىزىقمايدىغان، ئىنتىزامسىز
بىر ئوقۇغۇچى ئىدى. بۇ قېتىم تەربىيە جەريانىدا ماڭا يان-
دى، — دەپ ئۆزىنى ئاقلايتتى قادىر.
— ئوقۇغۇچىدىكى يېتەرسىزلىك — ئوقۇتقۇچىدىكى يېتەر-
سىزلىك، — دەپ سۆز ئالدى يەنە بىر ئوقۇتقۇچى، — دەرس-
نى ئۆزلەشتۈرەلمەسلىكىنىڭ ئاساسىي سەۋەۋى — ئوقۇغۇچىنىڭ
ئوقۇتۇش ماتېرىيالى ئۈستىدە مۇستەقىل ئىشلەشنى بىلمىگەنلىكىدە،
ئوقۇغۇچىنى مۇستەقىل ئىشقا ئۆگىتىش — ئوقۇتقۇچىنىڭ



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىشى، ئايرىم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرس بېرىش ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەن، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنىڭ ئاجىز بولۇشى يۇقۇرقىدەك يېتەرسىزلىكنىڭ سادىر بولۇشىدىكى مۇھىم سەۋەپ.

— ئوقۇغۇچىغا ھەقىقى كويۇنۇش بولغاندىلا، ئىجابىي جەھەتتىن يېتەكلەشكە ئەھمىيەت بېرىلگەندىلا، ئوقۇغۇچىغا كوڭۇلدىكىدەك بىلىم بەرگىلى، ئوقۇغۇچىغا قىلىنغان تەربىيىنىڭ مېۋىسىنى كورگىلى بولىدۇ. سىز "ئوقۇتقۇچى" دىگەن بۇ شەرەپلىك نامغا خىلاپ ئىش قىلغانسىز، — دەيتتى يەنە بىر ئوقۇتقۇچى، — مېنىڭ بىر ئوقۇغۇچۇم بولۇپ، ساۋاقداشلىرى دائىم ئۇنى "ئالىقانات" دېيىشەتتى. دىمىسىمۇ ئۇ، ئاسمانغا پىچاق ئاتىدىغانلاردىن ئىدى. ئىنتىزامى ناچار، ئۇگىنىشى تۆۋەن ئىدى. ئەمما مەن بىرەر قېتىممۇ قوپاللىق قىلمىدىم. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ھەمىشە بىرەر ياخشى خىسلەتنى كورۇشنى ئۇمىت قىلىپ، يېقىندىن كوز سالدىم. بىر كۇنى ئۇنىڭ قولىدا بىر خاتىرە دەپتەر كورۇپ قالدىم. قارىسام، ئۇ بۇ خاتىرىگە "خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر" دىگەن سەرلەۋھە ئاستىدا! نۇرغۇنلىغان قوشاق، چوچەك، لەتىپە، ماقال - تەمسىلەر، ئەقلىيە سوزلەرنى توپلاپ يېزىۋاپتۇ. مەن بۇ بىخنى كورۇپ كوڭلۇم يايراپ كەتتى. بۇ ئۇچقۇننى ئەڭ زور ئىشتىياق بىلەن گويا مەشئەل ئورنىدا كوتەردىم. بۇ مەشئەل بارغانسېرى لاۋۇلداپ يېنىشقا باشلىدى...

يىغىن شۇ تەرىقىدە داۋاملاشماقتا ئىدى. قادىر ئوزىنى گويا ئىگىز ئاسماندىن بىر غايىۋانە كۈچ زەرپ بىلەن يەرگە تاشلىۋېتىۋاتقاندەك ھىس قىلدى. ئاخىرىدا ئالىم ئاكا سوز ئالدى:

— ئوقۇتقۇچى، — دىدى ئۇ ئالاھىدە بىرخىل تەلەپچان



لىق تەلەپپۇز بىلەن، — ئوقۇغۇچىنى ھەر جەھەتتىن ياخشى تەربىيىلىمەكچى بولسا، ئۇ ھالدا ھەممىدىن ئاۋال ئوزى ھەر جەھەتتىن ياخشى ئوگىنىشى كېرەك. مەن باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيدىغان چېغىمدا بىر ئوقۇتقۇچى "دەرستە ئويناپ ئولتۇردۇڭلا" دەپ كاچىتىمغا بىر تەستەك سالغان ئىدى. مەن بىر سائەت توختىماي يىغلىغان. ياندۇرقى سائەتتە كىرگەن يەنە بىر ئوقۇتقۇچى مېنى كورۇپ قېشىمغا كېلىپ، بېشىمنى سىلاپ، قولىياغلىقى بىلەن كوز ياشلىرىمنى ئېرتىپ قويغان ئىدى. ئەشۇ ئىككى ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىككى خىل ئوبرازى ھىلىغىچە كوز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. بەزىلەر ئومۇر بويى ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ - يۇ، بىرمۇ شاگىرتى بولمايدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبىدە "غىل - پال" كولەڭگە قالدۇرىدۇ. بەزىلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبىگە شۇنچىلىك سىڭىپ كېتىدۇكى، ئومۇر بويى نۇرلۇق يۇلتۇزدەك چاقناپ، گۇلدەك ئېچىلىپ، ناخشا بولۇپ ياڭرايدۇ. بىز قايسى خىلدىكى ئوقۇتقۇچى بولۇشىمىز كېرەك؟!

بۇ سوزلەر قادىرنىڭ ساددا قەلبىگە سىڭىپ كىرىپ، ئۇنىڭدىكى قەلب داغلىرىنى بىر - بىرلەپ تازىلىغان ئىدى. كېيىنچە قادىر مۇشۇنداق سوزلەرنىڭ شاراپىتىدىن ئوزىنى قانداقتۇر بىر ئېغىر روھىي كىسەللىكنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلغاندەك ھىس قىلغان ئىدى.

قادىر ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ئورنىدىن تۇرۇپ، بېشىنى بىر سىلكىدى - دە، تاشقىرىغا چىقتى. ئۇ ئايغا قارىدى. ئاي قوتانلاشقان بولۇپ، بىر پارچە بۇلۇت ئارىسىدا لەرزان ئۇزمەكتە ئىدى. ئاندىن ئالىم ئاكىسىنىڭ ئويىگە قارىدى. ئۇنىڭ دەرىزىسىدىن تېخىچە چىراق يورۇغى كورۇنۇپ تۇراتتى.

"قانداق قىلىش كېرەك؟ قادىر، ھەي قادىر، سەن بۇ تۇرمۇش ئۇقلىرى ئالدىدا قانداق قىلىسەن؟" دېگەن خىياللار بىلەن يەنە ئويغا پاتتى...

ئۇلۇغ مۇرىسىگە چۈشكەن كۈچلۈك بىر قولدىن چۆچۈپ ئېسىگە كەلگەن قادىر ئۆز يېنىدا ئالىم ئاكىنىڭ تەبەسسۇم بىلەن قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

— ئالىم ئاكا! مەن...

— ئۇكام قادىر، كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىمەن. "باتۇر چامدايدۇ، قورقاق توختايدۇ" دېگەن گەپ بار. كىشى ئالدىغا قاراش كېرەك. مانا! بۇ خەتلەرنى بىر ئوقۇپ چىقىڭ، — ئالىم ئاكا قادىرغا بىر نەچچە خەتلەرنى تۇتقۇزۇپ قويدى.

ئاكىنىچە ئايمۇ بىر پارچە بۇلۇت ئارىسىدىن شۇڭغۇپ چىقىپ، سوزۇلۇپ يەر... جاھانغا نۇر سەپتى.

قادىر ياتىقىغا كىرىپ خەتلەرنى بىر - بىرلەپ ئوقۇپ چىقىشقا باشلىدى. بۇ خەتلەرنى تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ شاگىرتلىرى يازغان بولۇپ، ئالىم ئاكا تېخى يېقىندىلا مەكتەپ ئارخىپ يولۇمىدىن تېپىۋالغان ئىدى. بۇ خەتلەر، ئوقۇغانسېرى ئەقلىغا نۇر، دىلىغا ھوزۇر بېغىشلىغۇچى چىن ئەقىدە، مۇھەببەت چاقناپ تۇرغان پارلاق كۈچ بىلەن قادىرنى چەكسىز ھاياجانغا سالماقتا ئىدى.

بىر خەت مۇنداق يېزىلغان ئىدى:

"ھۆرمەتلىك مۇئەللىم!

كېچە ۋە كۈندۈز سىزگە بەخت ۋە سالامەتلىك تىلەيمەن، ئۆزەمنىڭ ئوسۇپ - يېتىلىش جەريانىمنى ئەسلىسەم، سىز ئۆزىڭىزنىڭ سۇباتلىق قامىتىڭىز ۋە ئىللىق چىرايىڭىز بىلەن كۆز ئالدىمدا گەۋدىلىنىسىز. مەن بىر يېتىم قىز ئەمەسمىدىم؟



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىز قولۇمدىن يېتىلەپ، ئانا مەكتەپ قوينىغا ئېلىپ كىرگەن، يېتىم قوزىنىڭ بېشىنى سىلاپ، ئاتىدارچىلىق قىلدىڭىز. دەسلەپتە، ئوتتۇلگەن دەرسلەرنى مىڭدەمگە ئالالمىساي، باشقىلار تەرىپىدىن "دوت" دېگەن نام بىلەن كەمسىتىلگەن ۋاقىتلىرىمدا، سىز كويۇنۇش ۋە مېھرىبانلىق بىلەن: "مەيۇسلەنمەڭ سىڭلىم! تىرىشىپ ئەجرى قىلسىڭىز، چەزمەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىسىز"—دەپ ئىلھام بەردىڭىز ھەم قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى چىقىرىپ، ماڭا ئايرىمچە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئاخىرى يېتىشتۈرۈۋالدىڭىز. كېيىنچە سىزنىڭ ئىزچىل تەربىيىڭىز بىلەن ئەلاچى ئوقۇغۇچىلار قاتارىغا ئۆتتۈم، بۈگۈن سىز ئۈستازىمغا شۇنداق ۋەدە بېرىمەنكى، ۋەتەن ۋە خەلق تاپشۇرغان شەرەپلىك مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئورۇنلاپ، تۆھپە يارىتىپ، سىزنىڭ ئۈمىدىڭىزنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىمەن..."

تۆۋەندىكى يەنە بىر خەتمۇ ئالاھىدە تەسىرلىك يېزىلغان ئىدى:

"ھۆرمەتلىك ئۇستازىم:

سىز مەن ئۈچۈن سۆيۈملۈك ئانا... بۈگۈن ئېنىتايىن سىزنىڭ ئىچىدە سىز ئانامنى ئەسلەپ قالدىم - دە، ھېلىقى تۇيۇقسىز ئاغرىپ قالغان چاغلىرىم كۆز ئالدىمدىن ئۆتۈپ ئۆتتى. ھاياتىم ئەڭ خەۋپلىك ھالەتتە قالغان ۋاقىتتا، سىز مېنى ئۇلۇم گىردابىدىن قۇتقۇزۇپ قالغان ئىدىڭىز. ئەگەر سىز مېنى كۆتۈرۈپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارمىغان ۋە ھېچبىر ئىككىلەنمەي تومۇرلىرىڭىزدىن قىپ - قىزىل ئىسسىق قېنىڭىزنى بەرمىگەن بولسىڭىز، مەن ھەرگىزمۇ ھايات قالمىغان بولاتتىم. سىزدىن ئۆمرۈم بويى مىننەتدارمەن ۋە سىزدىن ئۆگىنىمەن..."

مانا بۇ خەتمۇ كىشىنى ھاياجانلاندۇراتتى:

ھۆرمەتلىك ئوقۇتقۇچۇم:
سىزگە سالام! ئەبدى ئېسىمدىن چىقمايدۇكى، سىز ھەمىشە
"ئوقۇغۇچىلار دەرس قالدۇرۇشقا بولمايدۇ، تىرىشىپ ئۆگىنىڭ-
لار، خەلق ئىچىدە 'ئادەم بالىسىنىڭ باھاسى ئىلىم بىلەن'
دىگەن سۆز بار. بىزنىڭ ياشاۋاتقان بۇ سۆيۈملۈك دىيارىمىز-
دا ئىنسانىيەت ئۈچۈن زورۇر بولغان خىلمۇ - خىل موجىزى-
لەر شۇنچە كۆپ بولسىمۇ، تېخى بۇ موجىزىلەرنىڭ كۆپچىلىكى
كۆمۈلۈپ ياتماقتا، بۇ دىيارىمىز ھەقىقەتەن سۈپ - سۈزۈك بىر
پارچە ئاق قەغەزگە ئوخشايدۇ. بۇ جاينى تېزدىن گۈللەندۈ-
رۈش بىزنىڭ بۇرچىمىز. كەلگۈسىدە بۇ جايمۇ ۋەتەننىڭ ھەر-
قايسى سەپلىرىدە ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ بولغانلىقى بىلەن پە-
خىرلەنسۇن..." — دەيتتىڭىز ۋە مۇشۇ غايە يولىدا ئايىماستىن
كۈچ سەرپ قىلاتتىڭىز. مانا ئارىدىن خېلى يىللار ئۆتۈپ كې-
تىپتۇ، سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئىسىل پاراسەت ۋە كۈچ - قۇۋۋىتىڭىز-
نى يەنىلا بىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرىمىز ئۈچۈن تەقدىم قىلىۋا-
تىسىز، سىز ھەقىقەتەن ياخشى ئۇستاز بولۇشقا مۇناسىپ...
ئوتتۇز پارچىدىن ئارتۇق بۇ خەتلەرنىڭ بەزىلىرىدە تۇر-
سۇن ئەپەندىنىڭ نام - مەنپەئەت قوغلاشماي بارلىق ئەقىل-
پاراسىتى، كۈچ - غەيرىتىنى ۋەتەننىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا
بېغىشلىغان يۈكسەك ئىرادىسى، بەزىلىرىدە تەلىم - تەربىيە خىز-
مىتى جەھەتتىكى ماھارەت - سەنئىتى، بەزىلىرىدە ئاددى-
ساددا، خۇش پىئىل، كەمتەر خىسلەتلىرى مەدھىيىلەنگەن. بەزى-
لىرىدە: "ئۇستازىم، جەمئىيەت بىر قاينام، ئادەم شۇ قاينام ئى-
چىدە ياشىغۇچى ھەم قۇدرەتلىك، ئەقىللىق، ھەم ئاجىز، پارا-
سەتسىز بىر كۈچ ئىكەن. ئۇ، كۈرەش ۋە تۇرمۇش جەريانىدا
ھەر بىر قېتىم تۈزلۈك - تۈمەن دولقۇن، خادا تاشلار ۋە پوت-



لىكاشاڭلارغا يولۇققاندا، سىلىدەك سەممى، ئاق كۆڭۈل ياردەم-
چىنى ئىزلەپ بېرىپ ھاللانغۇسى ياكى خۇشاللىقتا قانات
باساپ ئۇچۇپ مۇڭداشقۇسى كېلىدىكەن" — دىگەن سۆزلەر
ئىزھار قىلىنىپ، يەنىلا تۇرسۇن ئەپەندىدىن ياردەم كۈتۈش-
كەن...
قادىر خەتلەرنى ئوقۇپ تۈگەتتى. بۇ خەتلەرنىڭ ھەر بىر
جۈملىسىدىن قۇياشتەك پارلاپ تۇرغان ئۇستاز - شاگىرتلىق
مۇھەببىتى، ئۇنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان ئىدى.
شۇڭا ئۇ، بۇ خەتلەرنى ئەڭ قىممەتلىك سوغا بىلدى ۋە ئاۋاي-
لاپ قاتلاپ شىرەسىنىڭ تارتمىسىغا سېلىۋېتىپ، مەنىلىك
كۈلۈمسىرەپ قويدى.
ئەمدى ئۇنىڭ خىيال قۇشلىرى قانداقتۇر بىر تۇمان ئىچى-
گە كىرىپ ئەگىشكە باشلىدى...
ئىشخانا... بىر قانچە ئوقۇتقۇچىلار دەرسكە كىرىپ كېتىش-
كەن، يەنە بىرنەچچىسى دەرس تەييارلاپ، تاپشۇرۇق تەكشۈ-
رۈپ ئولتۇرۇشاتتى.
كېرىم تاشقىرىدىن ئالدىراش كىردى ۋە شىرەسىنىڭ تارتمى-
سىدىن بىر نەرسىنى ئىزلەشكە باشلىدى. ئۇ بىرھازا ئاختۇرۇپ
چىققاندىن كېيىن، بىر مەھەل ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. كې-
يىن تاشقىرىغا چىقىپ كەتتى. ئون، ئونبەش مىنۇتلاردىن كې-
يىن يەنە قايتىپ كىردى - دە، ھەممە كىتاب، دەپتەرلىرىنى
ئالدىغا ئېلىپ ھەر بىر ۋاراقلىرىغا قەدەر سىنچىلاپ قاراپ
ئاختۇرۇشقا باشلىدى.
قادىر ئۇنىڭغا يەرتېگىدىن كۆز قىرىنى سالغىنىدا، كېرىمى-
نىڭ تاپ - تاتىراڭغۇ موكا يۈزلىرىدە بارغانسېرى تەشۋىشكە
ئايلىنىۋاتقان بىر پەرىشانلىقنى سەزدى...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىرىم ئاختۇراتتى... ئاخىرى ئۇ مەيۈسانە بىر قىياپەتتە لاسىسىدا ئولتۇرۇپ قالدى ۋە ئارقا-ئارقىدىن ئىككى تال تاماكا چەكتى. قادىر ئۇنىڭ تېخىمۇ ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقان ھالىتىگە قاراپ كۆڭلىدە: «پاچىقىڭغا پىت چۈشتى-دە!... 'ھارامزادە تۈلكە ھامان تۇمشۇقىدىن ئىلىنار' دېگەن ماقالنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟ ئاختۇرۇپ ئاۋارە بولما!» — دەيتتى...

كىرىم ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

قادىر يانچۇقىدىن بىر خەتنى ئېلىپ تاتمىسىغا سېلىپ قويدى. ئۇ، بۇ خەتنى ئەتىگەن دىجۇرنىلىق قىلىۋېتىپ ئىشخانىدىن تېپىۋالغان ئىدى:

دوستۇم! — دەپ يېزىلغان ئىدى بۇ خەتتە، — «يول يىراقى بولسا بولسۇن، كۆڭۈل يىراقى بولمىسۇن» دېگەندەك، مېنى ئالاھىدە ئەسلەپ يازغان خېتىڭنى ئېلىپ چەكسىز خۇشاللاندىم، ئەگەر شۇ تاپتا يېنىمدا بولغىنىڭدا ئىچ-قارنىمنى بىر تۆكۈپ، راسا پۇخادىن چىقىۋالغان بولاتتىم. ئەپسۇسكى يىراقتىسەن، شۇڭا خەت ئارقىلىق بولسىمۇ دەۋالاي... بولمىسا «بىرنەچچە زامان بولدى، ئالەم چۆرگىلەي دەيدۇ، يۈرەكتىكى زەرداپ سۇ، قانغا ئورنىلەي دەيدۇ» دېگەندەك، دەرت-ئەلەم، ھەسرەت ۋە پۇرۇختۇملۇقتىن پاسسىدە يېرىلىپ كېتىدىغان ئوخشايمەن. دوستۇم! بىلىسەن، ئەينى ۋاقىتلاردا مۇشۇ ئوقۇتۇش گورۇپپىمىزدا «ئاكاڭ سەكە» ئىدىم. ھېلىقى ئەپەندى نىكەم بۇ يەرگە ئاپىرىندە بولدى، مېنىڭ ھاۋايىم پەسلەشكە باشلىغان ئىدى. خۇداغا شۈكۈر... مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىنىڭ بوران-چاپقۇنلىرى ئۇنى پۈۋلىۋەتتى. مەنمۇ يېنىكلەشكەندەك بولدۇم. ئەمما، نەدىن بىلەي، ئۇنىڭ ئۆز پۇشتىنىڭ خۇددى ئاق يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەكلا ئالدىمدا پەيدا بو-



لىدىغانلىقىنى؟! ئۇ، دادىسىدىن ئون ھەسسە ئۈستۈن ماھىرلىق بىلەن ئالدىمنى توراپ تۇرىۋاتىدۇ. كاساپەتنىڭ بالىسى بىر شەيئاندە! ئادەم بىر ئىشنى ئويلاپ بولغىچە، ئىشلەپ بولۇپلا قاراپ تۇرغان. مانا، ماڭا تەتۈر قىسمەت!...

قادىر ئەتىگەن بۇ خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، خەتنىڭ ئاخىرىدىكى: «دوستۇڭ كىرىمدىن» دېگەن ئىسىملىككە كۆزى چۈشكەندە تېنى ئىختىيارسىز شۈركۈنۈپ كەتكەن ئىدى.

ئۇ شۇنداق ئوي-خىياللار بىلەن بەنت بولۇپ، تۈن نىسپى شەپتىن ئۆتكەندە ئاندىن كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى.

ئۇ، ئۇخلاپ قېلىپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ھاياتىدا بىرىنچى قېتىم تاڭ سەھەرنىڭ ساپ-ھاۋاسىدىن نەپەس ئالالمىدى. ئۇنى ئالىم ئاكىنىڭ ئاۋازى ئويغىتىۋەتمىگەندە، يەنە قانچىغىچە ئۇخلار ئىدىكىن-تاڭ؟!

— قادىر، ھەي قادىر!

قادىر چۆچۈپ ئويغاندى.

— ھە! مانا مەن، مانا!

— تېخىچە ئۇخلاۋاتامسىز؟ ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ! مەن سىزنى تەنتەربىيە مەيدانىدا كۈتۈپ تۇرىمەن.

ئالىم ئاكا قادىرنىڭ ئۈستىدە چاپلانغان چوڭ خەتلىك گېزىت توغرىسىدىكى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى جىددىي تۇتۇپ ئىشلىدى. تەكشۈرۈش چوڭقۇرلاشقانسېرى مەسىلە شۇنچە ئايدىڭلاشماقتا ئىدى. بولۇپمۇ ئۇ تاپشۇرۇۋالغان بىر پارچە پاش قىلىش خېتىدە: چوڭ خەتلىك گېزىت چاپلانغان ئاخشىمى سائەت ئون ئىككىلەردە كىرىم بىلەن توختىنىڭ ئالدىراپ-تېنەپ ئىشخانا بىناسىغا قاراپ كېتىۋاتقانلىقى ئىنكاس قىلىنغان ئىدى.

ئالىم ئاكا مەيدانغا قاراپ كېتىۋېتىپ، ئۆتكەن كۈنى تىل-ئەدەبىيات ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسىدىكى ئوقۇتقۇچىلار بىلەن پىكىرلەشكەندە، كېرىمنىڭ قانداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى، خىرە، خۇنۇك كۆزلىرىنىڭ خالتا قاپاقلىرىدىن قانداق چىقىمازلىقىنى، ئاپتاپتا قالغان پەتىنگاندەك قورۇلۇپ كەتكەن يۈز گۆشلىرىنىڭ قانداق لىپىلداپ مىدىرلىغانلىقىنى، قوللىرىنىڭ قانداق تىترەپ، ئۇراۋاتقان تاماكىسىنىڭ چېچىلىپ كەتكەنلىكىنى... ئەسلەيتتى.

ئۇپۇق قىزىرىپ قۇياش چوغلاندى، ئۇنىڭ يىپەكتەك نۇرلىرى ناباتات ئۈستىدىكى سىماپتەك شەبنەم ئۈستىدە يالتىرىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي قادىرمۇ چىقتى ۋە ئالىم ئاكا بىلەن ئىللىق سالاملاشتى. ئۇنىڭ چىرايى خېلىلا جۈدەپ، كۆزلىرىنىڭ تېگىدە كوكۇش ئىزلار پەيدا بولغان ئىدى. ئالىم ئاكا: "ھەي بالا، باش - ئايىغى يوق ئوي - خىياللار سېنى خېلى ئىزىپتۇ - دە" دەپ ئويلىدى ئىچىدە. كېيىن خالىراق جاي ئىزلەپ، قادىرنى توپ - توغرا مەكتەپنىڭ بېغىغا باشلاپ ماڭدى.

باغ جىمجىت ۋە ئەتىگەننىڭ ھايات بەخش سالقىنى بىلەن تولغان ئىدى. ئۇلار مېڭىشنى داۋام قىلىپ، كېلەڭسىز شاخلىرى بىلەن ئەتراپنى بىر ئالغان، مېۋىلىرى تۆككەن ئۆرۈكلۈكلەردىن، شاخلاردا شەرۋەت سۇلىرىنى تۆكۈپ تۇرغان شاپتۇللۇقلاردىن، رەت - رەت كەتكەن توغاچ، ئامۇت كۆچەتلىرى ئارىسىدىن، قىزىل ياقۇتتەك يېنىپ تۇرغان ئانارلىقلاردىن، بۇرنىدىن شىرنىسى ئېقىپ تۇرغان ئەنجۈرلۈكلەردىن ... ئۆتتى. بولۇپمۇ ھەرخىل ئالمىلارنىڭ كۆپۈلدەپ



تۇرغان مەزىلىك پۇراقلىرى مۇھىتنى قاپلاپ، ھاۋادا ئۇچۇپ، بۇ يەردىن نەپەس ئالغۇچى ھەربىر كىشىنى ھوزۇرلاندۇراتتى. ئۇلار ئېرىق بويىدىكى يېشىل بەرقۇتتەك چىمەن ئۈستىدە ئولتۇرۇشتى. ئالىم ئاكا باققا قاراپ ھوزۇرلىنىشتىن ئۆزىنى باسالماي:

— ئاجايىپ گۈزەل - ھە؟ — دېدى.

قادىر بېشى بىلەن تەستىقلاش ئىشارىسىنى بىلدۈرۈپ:

— باغنىڭ تازا مەي بولۇپ، شەرۋەتكە تولغان ۋاقتى-دە، — دەپ جاۋاپ بەردى.

— مۇشۇنداق ياخشى ھاۋا، ياخشى باغدا بىرپەس كۆڭۈلدىكى پاراڭلىرىمىزنى قىلىشۋالايلى. ئۇكا، — دەپ سۆز باشلىدى ئالىم ئاكا، — كېرىمنىڭ خېلىدىن بېرى سىزنىڭ ئۈستىڭىزدە قانداق پىتنە - پاساتلار بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدا بۇرناكۈن ئېيتقان پىكرىڭىز پۈتۈنلەي ئورۇنلۇق. گەپنى ئېچىپراق ئېيتقاندا، بۇ ئىشنىڭ تارىخىي يىلتىزى بار، بۇنىڭ بېشى كېرىم بىلەن مەرھۇم ئاتىڭىز تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ مۇناسىۋىتىگە بېرىپ تاقىلىدۇ... ھەي! ... تۇرسۇن ئەپەندى! ... تەقى - تۇرقى چىناردەك، مىجەز خۇلقى كۆز ئاپتىۋىدەك، بىلىمى بۇلدۇقلاپ تۇرغان بۇلاقتەك، قوسىقى كەڭ ئۆپۈقتەك، ئىرادىسى قەيسەر بۈركۈتتەك، قىسقىسى ئالتۇندەك ئېسىل ئادەم ئىدى - دە! ...

ئالىم ئاكىسىنىڭ بۇ سۆزلىرى قادىرنىڭ قان تومۇرلىرىنى دولقۇنلاتماقتا ئىدى. ئۇنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرى يىراقلارغا — كۆك ئاسمانغا تىكىلگەن بولۇپ، كالپۇكلىرى لومۇلدەپ، مەڭزىنى بويلاپ ئېقىپ چۈشكەن ئىككى تامچە ياش ئال-

دىدىكى مامكاپنىڭ ياپرىقىدا لىغىلداپ توختاپ قالغان ئىدى. بۇ ھالدىن ئالىم ئاكىنىڭ ھاياجاندىن سوقۇۋاتقان يۈرىكى تەرتىپسىز ھالدا سوقۇشقا باشلىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— رەھمەتلىك ئازاپ چەككەن ئەشۇ بىر نەچچە يىللارنى ئەسلىگەندە، ھەقىقەتەن كىشىنىڭ يۈرىكى ئۆرتىنىدۇ ...، — ئۇ يىراق ئۇپۇققا كۆز تىككىنىچە خېلى ئۇزۇن جىم بولۇپ قالدى. كېيىن ئېغىر بىر خۇرسىنىۋېلىپ قويۇپ دېدى:

— دۈشەنبە كۈنى ئىدى. تۇرسۇن ئەپەندى ئۈچىسىغا ئاق پاكىز كۆينەك، زىغىرەڭ سارجا شىم، پۇتىغا قىزىل خۇرۇم بەتىنكە كىيىپ مەغرۇر ھالدا ئىشخانىغا كىرىپ كەلگەن ئىدى. تاپ باستۇرۇپلا بىرتوپ غەلىيانچىلار داقا - دۇمباقلىرىنى چېلىشىپ، شوئار توۋلىشىپ، قويۇندەك ئۇرۇلۇپ كېلىشكىنىچە ئۇنى ئارىغا ئېلىۋالدى. بۇ مالىمانچىلارنىڭ ئالدىدا، تولا چاغلاردا كۆپىنچە دەرسلەردىن دائىم ئەڭ تۆۋەن نومۇر ئېلىپ، ساۋاقداشلىرى تەرىپىدىن "قۇرۇق كاللا" دېگەن ئاتاققا ئىگە بولغان قارا چوقۇر بىر ئوقۇغۇچى تۇراتتى. تۇرسۇن ئەپەندىگە بىرىنچى بولۇپ ئوقنى شۇ ئاتتى:

— گېزەندە! — دېدى ئۇ ئالا - تاغىل توۋلاپ، — بۈگۈندىن باشلاپ ئۆلۈمگە مەھكۇمسەن، پەقەت يۇۋاش - يۇمشاق بولۇشۇڭغىلا بولىدۇكى، قالايمىقان سۆزلەپ، زەھەرلىرىڭنى چېچىپ، قالايمىقان ھەركەتلەرنى قىلىشىڭغا يول قويۇلمايدۇ، — ئۇ مۇشتۇملىرىنى تۇرسۇن ئەپەندىگە تەڭلەپ تۇرۇپ شوئار توۋلىدى:



— فېئوداللىزم، كاپىتالىزم ۋە شىۋجىڭجۇيىنىڭ ئەڭ ئەشەددىي جارچىسى تۇرسۇننى يوقىتايلى!

مالىمانچىلارمۇ بۇ شوئارنى تەكرارلىدى:

— يوقىتايلى!

تۇرسۇن ئەپەندى خاتىرجەم ھالدا توپقا تىكىلدى ۋە ئىشخانىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا كېرىمنىڭ بىر ئوقۇغۇچىنىڭ قۇلىقىغا ئاللانېمىلەرنى دەپ پىچىرلاۋاتقانلىقىغا كۆزى چۈشتى ۋە ئىچىدە: "ھە، بۇ رەزىل ئىشلارغا سەن ئىپلاس بوت قويرۇقلۇق قىلىۋېتىپسەندە! ..." دەپ ئويلىدى. ئاندىن "قۇرۇق كاللا" دىن سورىدى:

— نېمە جىنايەتلەر ئۈچۈن ئۆلۈمگە مەھكۇم بولىدىكەنمەن، "فېئوداللىزم، كاپىتالىزم ۋە شىۋجىڭجۇيىنىڭ ئەڭ ئەشەددىي جارچىسى" دېيىشكە نېمە ئاساسىڭلار بار؟ شۇنى بىلمەكچىمەن.

"قۇرۇق كاللا" گەپ قىلىشقا تەمشىلىۋىدى، ئۇنىڭغىچە كېرىم ئىشىكتىن ئېتىلىپ كىرىپ كەلدى ۋە زەھەرلىك تىللىرىنى سوزدى:

— ھىلىگەرلىك قىلما، تۇرسۇن! جىنايەت دېسەڭ سەندە قاپ - تاغارلاپ تۇرۇپتۇغۇ ....

— ھە! — دېدى تۇرسۇن ئەپەندى زاڭلىق بىلەن مىيىغىدا كۈلۈپ، — بۇ ئىشنىڭ تۇترۇقچىسى ئۆزەم بولىمەن دېگىنە؟ ئەمما، ئاقىۋەتنىڭ "ئالدامچىنىڭ قويرۇقى بىر تۇتام" دېگەندەك بولۇپ قالمىسۇن يەنە؟! — ئۇ مالىمانچىلارغا قاراپ مۇراجىئەت قىلدى، — ماڭا پىكرىڭلار بولسا، بىجانىدىل ئاڭلاشقا ھەر قاچان تەييار مەن، ئەمما ئېزىتقۇ تۇمانلار ئالدىدا قايمۇقۇپ قالماڭلار! بولۇپمۇ



www.uyghurkitap.com

ھىلىگەر، تۈلكىلەرنىڭ دامىغا چۈشۈپ قېلىش ئەڭ خەتەرلىك، مەن ھازىرلا بىر بايانات ئېلان قىلاي:

ياشايمەن مەن، ھاياتىمغا قارايمەن زور ئۈمىت بىلەن،
ئۇلۇغ ئەمگەكچى خەلقىمنى ئىشەنگەن زورتېغىم دەيمەن،
ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ ئۆتكەن قەدىرلىك بۇ ھاياتىمنى،
ئۆمرۈمنىڭ باھار - يازى، گۈللەنگەن چېغىم دەيمەن.

— ئاغزىڭنى يۇم! — دەپ كاكىرىدى كېرىم.

— تېخى سۆزلەشكە تامامەن ھەقلىقمەن، — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى تۇرسۇن ئەپەندى.

كېرىمنىڭ كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكۈدەك ھالدا تېخىمۇ ئەسەبىلىشىپ:

— ئاختۇرۇڭلار! — دېدى.

بىرنەچچە "ئىسيانچى" تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ شىرە ۋە ئىشكاپلىرىنى مالتىلاپ ئاختۇرۇشقا باشلىدى ۋە كىتاب - ماتېرىياللىرى ئارىسىدىن بىر قۇچاق كىتابلارنى ئايرىپ ئېلىپ بىر چەتكە دۆۋىلىدى، كېرىم بۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرنى قولىغا ئېلىپ ۋاراقلاپ كۆرگەندىن كېيىن، تۇرسۇن ئەپەندىنى ھازىرلا يەۋېتىدىغان ئەلپازى بىلەن:

— مانا، سېنىڭ جىنايىتىڭ، كۆرۈپ قوي! — دېدى. ئاندىن كۆپچىلىككە قاراپ، — كۆردۈڭلارمۇ، بۇ مۇتەئەسسىپ تېخى دىنىي كىتابلارنىمۇ ساقلاپتۇ، — دەپ چۇقان سېلىشقا باشلىدى، مانا شۇ چاغ تۇرسۇن ئەپەندى قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى ۋە كەسكىنلىك بىلەن ئۇنىڭغا رەددىيە بەردى:

— ھەي ناكەس!... سېنىڭچە كونا ئىملادىكى كىتاب بولسىلا دىنىي كىتاب بولامدۇ؟



تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ بۇ سۆزى مالىمانچىلارنىڭمۇ دىققەت - ئېتىبارىنى تارتقان ئىدى. شۇڭا ئۇلار بىر ئاز سۈكۈت قىلىپ تۇردى.

— ھەي ناكەس!.. — دەپ تەكرارلىدى تۇرسۇن ئەپەندى، — سەن بۇ كىتابنى ئوقۇيالامسەن؟ بۇ ئۇلۇغ - مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر ناۋايىنىڭ «خەمسە ناۋايى» سى، بىلىپ قوي! بۇ، بۈيۈك مۇقەددەس كىتاب.

كېرىم قاتتىق ھودۇقۇپ قالغان ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۆزىنى ئالاھىدە غالىپ تۇتۇشقا تىرىشىپ دېدى:

— كىمنىڭ، قانداق كىتاۋى بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، سېرىق مەدەنىيەت جۈملىسىدىن! بەربىر فېئوداليزىم، كاپىتالىزىم، شيۇجېڭجۇيى ...

— جۆيلىمە! — دېدى تۇرسۇن ئەپەندى، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى غەزەپتىن تىترەپ كەتتى، — بۇ ئالتۇن غەزنە، ئۆلمەس بايلىق.

كېرىم "قۇرۇق كاللا"غا قاراپ بۇيرىدى:

— نېمىشقا قاراپ تۇرىسىلەر! بۇ كىتابلارنى ساقلاشتا چوقۇم يامان غەرەز بار. بۇلارنى ئۇنىڭ بويىنىغا ئېسىڭلار، سازايى قىلىش كېرەك.

بىرنەچچە "ئىسيانچى" لار كىتابلارنى شوينىغا چىگىپ تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ بويىنىغا ئاستى ھەم ئۇنى ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئالدىغا دەسكۈشلەپ ھەيدەپ چىقتى. بۇ يەردىمۇ يەنە بىر توپ ئوقۇغۇچىلاردىن تەشكىللەنگەن بىر مالىمان ئۇزۇنىدىن - ئۇزۇنىغا كەتكەن تاملارغا چوڭ خەتلىك گېزىت چاپلاۋاتاتتى. مەكتەپ مۇدىرى سادىق ئەپەندى

باشلىق بىر نەچچە كىشى ئالا - يېشىل، ئىگىز قالپاقلار كىيدۈرۈلگەن ھالدا، بىر قانچە ئىسيانچىلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا چوڭ خەتلىك گېزىت كورۈشۈۋاتاتتى. ئەنە، ئاۋۇ تەرەپتىن يەنە بىر مالىمان ئىككى نەپەر ئوقۇتقۇچىنى دەشكەشلەپ ئېلىپ كەلدى. مەكتەپ ئىچى ئەنسىزلىك، ۋەسۋەسە، پاتىپاراقچىلىق بىلەن تولغان بولۇپ، مىسلى كورۈلمىگەن بىر سوغاقچىلىق ھوكۈم سۈرمەكتە ئىدى.

— مانا، قالدى جىنايەتلىرىڭنى بۇ يەردىن كورۈۋال!

كىرىمنىڭ خىرەلىك كوزلىرىدە گاھ ئەڭ زەھەرلىك كۈلكە، گاھ تەكشىگە يەتكۈسىز ئوچمەنلىك ۋە كورەڭلىك ئەكس ئېتەتتى.

ئىنچىكە كاناپ شوينىدا چىگىلگەن بىر نەچچە ئون كىتابنىڭ ئېغىرلىق بېسىمىدىن بويۇن گوشلىرى چىدىغۇسىز ئېچىشىپ ئاغرىۋاتقانلىقىغا پىسەنت قىلماي تۇرغان تۇرسۇن ئەپەندى تەتۇر بۇرۇلۇپ ئاسمانغا قارىۋالدى. ئاسماننىڭ قەرىدە بىر توپ قارا بۇلۇتلار ئەگىپ يۈرەتتى. ئەمما يەنە، بۇ بۇلۇتلارنىڭ ئۈستى تەرىپىدىن ئوتكۈر نۇرلىرى بىلەن يەر - زېمىنغا قاراپ قويۇلۇۋاتقان قىزغۇچ شەپەق قارا بۇلۇتلار توپىنى يېرىپ ئوتەتتى. تۇرسۇن ئەپەندى ئەنە شۇ نۇرلارغا باقاتتى.

كۈنلەر كۈنلەرنى قوغلاپ، ھەپتىلەر ھەپتىلەر بىلەن ئۇلىشىپ ئوتمەكتە ئىدى. بۇ جەرياندا يۈز بەرگەن ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلارمۇ ئاز بولمىدى.

تۇرسۇن ئەپەندى ئۈچۈن ھەر كۈنى ئون سائەت چامىسىدا، ئېغىر، مەجبۇرى ئەمگەك قىلىشقا، ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇرغان رەھىمسىز كۈرەشلەرگە بەرداشلىق بېرىشكە، كىشى قەلبىنى



ئورتەيدىغان ئاچچىق تىل - ھاقارەتلەرنى كوتىرىشكە ۋە ھەر دوقمۇشتا بۇ ئادالەتسىزلىكلەرگە تاقابىل تۇرۇشقا توغرا كەلدى. شۇ كۈنلەردە ئۇ ئوزىنى ئىمكان قەدەر مەردانە تۇتتى. "كىشىدە، — دەيتتى ئۇ، — ھېچنەرسىدىن قورقمايدىغان قەتئىي، قەيسەر ئىرادە بولغاندىلا، ئاندىن ئۇ كىشى پولاتتىنمۇ مۇستەھكەمرەك بولۇپ، ھەر قانچە ئېغىر سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ".

مانا ھېچ كۈتمىگەندە ئۇنىڭ ئۈستىدە بىر سۇيىقەستلىك ھەرىكەت ئويۇشتۇرۇلدى ...

يېرىم كېچە، تۇرسۇن ئەپەندى ئۇيقۇدا ئىدى. كىرىمنىڭ باشچىلىقىدا يەتتە - سەككىزچە "ئىسيانچى" ئۇنىڭ ياتىقىغا باستۇرۇپ كىرىپ، تارتقۇچلاپ ئويغىتىپ سىنىپقا ئېلىپ چىقتى.



— بۈگۈن ساڭا ئاخىرقى پۇرسەت، — دېدى كېرىم تۇرسۇن ئەپەندىگە زاڭلىق بىلەن قاراپ، — تەرسالىق قىلساڭ ساڭا ھېچبىر پايدا كەلتۈرمەيدۇ. فېئوداللىزىم، كاپىتالىزىم ۋە شيۇجېڭجۇيىنىڭ قارا ماللىرىنى بازارغا سېلىپ، ياش ئەزىمەتلەرنى زەھەرلىگەنلىكىڭنى ئىقرار قىلامسەن - يوق؟

— بىكارغا ئۆزەڭنى ئاۋارە قىلما! سەن دېگەن ئۇ "قارامال" لار قايسى ئىكەن؟

— مەسىلەن «خەمسى ناۋايى».

— يەنە؟

— ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «رابىيە - سەيدىن» داستانى.

— يەنىچۇ؟

— خوش، «چىن تۆمۈر باتۇر» دېگەن چۆچەك.

— يەنە بارمۇ؟

— يەنە ... ھېلىقى سوۋېت يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى.

— "سوۋېت يازغۇچىلىرى" دېگىنىڭدە كىملەرنى كۆزدە تۇتىۋاتىسەن؟

— كىملەر بولاتتى؟ گوركىي قاتارلىقلاردە ...

تۇرسۇن ئەپەندى ئۆزىنى توختىتىپ ئالالماي تېلىقىپ - تېلىقىپ كۈلدى ۋە زاڭلىق بىلەن دېدى:

— سەن ئۆزەڭنى "تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسىمەن" دەپ قارايسەن تېخى ... سەندىن سوراپ باقاي، يۇقۇرىدا ئىسمىنى ئاتىغان ئەسەرلەر قاچاندىن بېرى فېئوداللىزىم، كاپىتالىزىم ۋە شيۇجېڭجۇيىغا تەئەللۇق بولۇپ قالىدى؟ قېنى جاۋاپ بېرىپ باقامسەن؟



كوپچىلىك جىم ئىدى. كېرىمنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، ۋۇجۇدى چىدىماسلىقتىن تىترەيتتى. تۇرسۇن ئەپەندى غالىپلارچە داۋام قىلدى:

— سەن شۇنى بىلىۋالغىنىڭكى، بۇ ئەسەرلەر خەلقنىڭ ئەقىل - جەۋھەرلىرى ۋە خەلق دانىشمەنلىكىنىڭ يەكۈنى. ئۇلۇغ يازغۇچى، شائىرلارنىڭ يۈرەك ناخشىلىرى. خەلق ئۆزلىرىنىڭ بۇ شانلىق مەدەنىيىتىنى ھۆكۈمران سىنىپلارغا ھەرگىز ئۇتتۇنۇپ بەرمەيدۇ.

— سەن تولا گەپتانلىق قىلما، ئەڭ ياخشىسى بېشىڭنى ئېگىپ، مەسىلەڭنى تاپشۇرۇشۇڭ كېرەك، — دېدى كېرىم ئۆزىنى باسالمىغان ھالدا تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ سۆزىنى بولۇپ، — بۇ سېنىڭ نۇتۇق سۆزلەپ ئۆزەڭنى كۆرسىتىدىغان مەيدانىڭ ئەمەس.

— سەن ھەرقانداق ئۇپا - ئەڭلىكلەر بىلەن ئۆزەڭنى پەدازلاپ ئۇنتۇرىغا چىقساڭمۇ، يىرگىنىشلىك بەشرەڭنى يوشۇرۇپ قالالمايسەن! — دەپ تاقابىل تۇردى تۇرسۇن ئەپەندى، — سېنىڭ ئەزەلدىنلا مېنى غۇلىتىشنىڭ كويىدا قانداق شەيتانلىقلارنى قىلىۋاتقانلىقىڭ ھەممە كىشىگە بەش قولدەك ئايان. گويا مەن غۇلاپ كەتسەملا، سەن "بۇ مەكتەپتە بىمالال كېرىلىپ يۈرىمەن، كۆكلەردە پەرۋاز قىلىمەن" — دەپ ئويلايسەن. ئەگەر ھەقىقى پەرۋاز قىلىمەن دەيدىكەنسەن، ئۈگەن، ئىشلە! جاپا چېكىپ ئۈگەنمەي، ئىشلىمەي تۇرۇپ، باشقىلارنى ئورىغا ئىتتىرىش بىلەن ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئىگەللىيەلىشىڭ مۇمكىنمۇ؟ مەن ساڭا ئېيتىمەن. ئەلۋەتتە كىشىلەرگە سۇيىقەست قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن شۇ ئۆمرۈڭنى بىلىم ئۈگىنىش، ئىنسانىيەت ئۈچۈن پايدىلىق موجىزىلەرنى يارىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلساڭ نىمە دېگەن ياخشى بولاتتى - ھە!

كېرىم تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە زەردە بىلەن ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇردى.

— مانا، ساڭا ئەمدى مۇشۇ لازىم!

تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ كوزلىرى غەزەپتىن چاقناپ، يۈزلىرى ئەلەمدىن پۈرۈلدى.

— ھازىرچە مۇرادىڭغا يەتكەندەك قىلىسەن. "قورققان ئاۋال مۇشت كوتىرەر" دېگەندەك، سەن ھايۋانى ئۇسۇل بىلەن ئالدىن مۇشت كوتىرىۋالدىڭ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر سېنىڭ تەلىيىڭ ئوڭدىن كېلىپ، ئۆزەڭچە مەقسىدىڭگىمۇ يەتتىڭ. ئەمما سەن بەك بالدۇر خوش بولۇپ كەتمە! سېنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويايكى، بۇ قاباھەتلىكلىرىڭ ئۈچۈن ئۆزۈڭنىغا بارماي تارىخنىڭ ھەققانى سورىقىغا تارتىلىسەن. ئاقىۋىتىڭ "ئىتنىڭ يامانىنىڭ قازىنىنى توشۇك" دېگەندەكلا بولىدۇ. ھەرگىز توخۇ بۈركۈت بولالمايدۇ. بورىگە تېگىدىغان تاياقنىڭ ئاخىرقى ھىساپتا قويغا تېگىشى مۇمكىن ئەمەس!

— ئۇرۇڭلار!

كېرىمنىڭ شۇنداق دېيىشى بىلەن ھەممەيلەن گويا يىرتقۇچ ھايۋانلاردەك تۇرسۇن ئەپەندىگە تاشلاندى. ئارقا - ئارقىدىن يېغىۋاتقان مۇشت، پەشۋالارنىڭ زەربىسىدىن تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ كوزلىرى بىردىنلا غۇۋالىشىپ، نېرۋىلىرى ئاستا - ئاستا سېزىمىنى يوقاتتى ۋە ھوشىدىن كەتتى.

ئۇ، بېشىغا قۇيۇلغان مۇزدەك سۇنىڭ تەسىرىدىن ھوشىغا كەلگەندە پۈتۈن ئەزالىرى چىداپ بولماسلىق دەرىجىدە ئاغرىيتتى. شۇنىڭغا قارىماي، ئۇ كېرىم بىلەن ئېلىشىش ئۈچۈن لىۋىنى چىڭ چىشلەپ، كۈچىنى توپلاپ تىك تۇردى.

كېرىمنىڭ ئالا - تاغىل، يىرگىنىشلىك ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى:



— خوش، ئەمدى نىمە دەيسەن؟

تۇرسۇن ئەپەندى كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى:

— ۋىجدانسىز! قېنى، ۋاقتىنچە توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلاپ تۇر، لېكىن ئېيتىپ قويايكى، قىڭغىر ئىش قىرق يىلغىچە...

ئالىم ئاكا ئېغىر بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ توختاپ قالدى...

قادىر ئاشۇ مۇدھىش يىللارنىڭ قارا كولەڭگىلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئىختىيارسىز يىغلاپ تاشلىدى. ئالىم ئاكا ئالدىدىكى، بىر تال شۇمبۇيىنى غەزەپ بىلەن يۇلۇۋالدى - دە، ئۇنى چەيلەپ تۇرۇپ دېدى:

— ئۇكام قادىر! تارىخ تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ دېگەنلىرىنىڭ توغرىلىقىنى تامامەن ئىسپاتلىدى. ئۆزۈن ئۆتمەي كېرىمنىڭ نەقەدىرىمۇ شەرمەندە ئاقىۋەتكە قالدى. ئۇ دەسلەپ تۇرسۇن ئەپەندىگە قۇش قىلىپ سالغان ھىلقى "ئىسيانچىلىرى" تەرىپىدىن تېگىشلىك ئەدەپ - جازاسىنى يېدى. بىر كۈنى بىر توپ مالىمان ئۇنىڭ بېشىغىمۇ ئالا - يېشىل قالپاقنى كىيگۈزۈپ، ئالدىلىرىغا سېلىپ يۈگۈرتكىنىچە ئېلىپ كېلىپ بىزنىڭ توپىمىزغا قېتىۋەتتى. ئۇ ئىپلاس ھە دەپ يىغلايتتى، نالە قىلاتتى. لېكىن ھېچكىم ئۇنىڭغا قىلچىمۇ ھېسسىداشلىق قىلىشنى خالىمايتتى. ھەر كۈنى بولۇپ تۇرىدىغان ئاچچىق تاپا - تەنىلەر ئىككى ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭ چاچلىرىدا ئاق پەيدا قىلغان ئىدى. ھەممىمىز ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتىماستىن "كېرىم ھەسەت" دەپ مەسخىرە قىلاتتۇق. ئۇ سۆزگە چۈشكەن مۈشۈكتەك تۈگۈلۈپلا يۈرەتتى... — ئالىم ئاكا كۈلدى ۋە داۋام قىلدى:

— ۋاقىت كۆزدە غازاڭ توكۈلگەندەك تېز ئۆتمەكتە ئىدى،

بىز يەنە قايتا يورۇقلۇققا چىقتۇق، نامىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈ-
رۈش يىغىنىدا تۇرسۇن ئەپەندى قىسقىچىلا قىلىپ: "مەكتەپتىن
ئىبارەت بۇ باغچىدا يەنىلا ئۆمۈر بويى ياخشى باغۋەن بولۇپ
قالىمەن" دېگەن ئىدى. ئاشۇ چاغدا كىرىمىمۇ ئاشىمىنىڭ ئالدى-
دا پوتلىلىرىنى ئېقىستىپ تۇرۇپ: "مەڭگۈ يامان ئىش قىلماي-
مەن" دەپ ۋەدە بەرگەن ئىدى.

ئالىم ئاكا بىر پەس تۇرۇۋېلىپ دېدى:

— ھەي ... "ياخشىغا كۈن يوق، يامانغا ئۆلۈم" دېگەندەك،
تۇيۇقسىز بولغان يۈرەك كېسىلى تۇرسۇن ئەپەندىنى بىزدىن
مەڭگۈ ئايرىدى. بىز ئەڭ قەدىردان بىر سەپدىشىمىزدىن ئاي-
رىلدۇق، مەكتەپتە ئەڭ تالانتلىق بىر ئوقۇتقۇچىدىن ئايرىل-
دۇق. ۋەتەن ئەڭ سادىق بىر پەرزەنتىدىن ئايرىلدى.

ئۇ يىغلاۋاتاتتى، قادىر ھەم شۇنداق. ئىككىلىسىنىڭ بولاق-
تەك كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار قۇيۇلاتتى ...

— شۇنداق قىلىپ، — دەپ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاش-
تۇردى ئالىم ئاكا كۆز ياشلىرىنى قول ياغلىقى بىلەن ئېرتىپ
تۇرۇپ، — كېيىن بولسا "ئۆگەنگەن خۇي ئۆلگىچە" دېگەندەك
يەنە شۇ ھەسەتخورلۇقى بىلەن، كىشىلەرگە زىيان سېلىش
ھەۋىسىغا كۆڭلىنى خوش قىلىدىغان پەسكەش ھالىتىدىن قالغى-
نى يوق. مانا كۆرۈپ تۇرۇپسىز، ئەمدى ئۇ سىزگە تۇزاق
قويماقتا. خاتىرجەم بولۇڭكى، تۇرمۇش رەھىمسىز، مۇنداق
نىجىسلار پات ئارىدا خۇددى مۇشۇ شۇم بۇيىدەك يۇلۇپ تاش-
لىنىدۇ، — ئۇ سول قولىنى قادىرنىڭ مۈرىسىگە ئېلىپ تۇرۇپ
قوشۇپ قويدى، — بىر خەلق ماقالىسىدا، "باتۇرلۇق بىلەن
بۆرە تۇت، ئەقىل بىلەن تۈلكە" دېيىلگەن ئىكەن. ئۇ مەيلى
بۆرە بولسۇن، ياكى تۈلكە بولسۇن، بىزنىڭ ئالدىمىزدا جەز-



مەن قايتا تۇتۇلۇپ قالىدۇ. ئۇكام قادىر، ئېھتىمال بۇ ئىشلار-
دىن خەۋىرىڭىز بولسىمۇ، چوڭقۇر بولمىغان بولغىيدى.

— شۇنداق، — دېدى قادىر يىغىدىن ئۆزىنى توختىتىپ، —
بەزى ئىشلاردىن ئاز-تولا خەۋىرىم بولسىمۇ، لېكىن كىشى
قەلبىنى ئازاپلايدىغان بۇنچىۋالا ئىنچىكە جايلىرىنى بىلمىگەن
ئىكەنمەن. يۈرىكىمگە مەڭگۈ ئۆچمەس تامغا بولۇپ بېسىلىپ
قالغىنى — دادام رەھمەتلىك جان ئۈزۈش ئالدىدا: "بالام
سەن مېنىڭ ئىزىمنى بېسىپ قالغىن!" دېگەن ئىدى. "يول
يۈرسەڭ باشقا چىق، سۆز ئۈزسەڭ قاشقا" دېگەندەك، دادامنىڭ
ۋەسىيىتىنى چوقۇم ئورۇنلايمەن. بۇ يولدىكى، بارلىق توسال-
غۇلار مەن ئۈچۈن "قىيىنچىلىق قورقۇنچاقنىڭ يۈكى، باتۇر ئۈ-
چۈن توخۇ تۈكى" دېگەندەك بولىدۇ، خالاس.

ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى، بۇ چاغدا كۆك ئاسماندا
ئۈزۈپ كېتىۋاتقان قۇياش ئىللىق، سېخى نۇرلىرىنى كەڭ
زېمىنغا ئايىماي سەپمەكتە ئىدى.

# توققۇزىنچى باپ

قادىر ئالدىراش ھالدا سىنىپقا قاراپ كېتىۋاتاتتى. چۈنكى يەنە يېرىم سائەتتىن كېيىن باشلىنىدىغان «ئەدەبىيات كېچىسى» باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ، ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ شەرقىي ئىشىكىگە يېقىنلاشقاندا، ئالدى تەرەپتىن — ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئىچىدىن كېرىم چىقىپ قالدى. ئۇ، توپ - توغرا قادىرغا قاراپ كېلىۋاتاتتى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ بىرەر گەپ - سۆز ياكى ئىش بىلەن كېلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن قادىر قەدەمىنى بۇراپلا، ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ شىمالىي ئىشىكىگە قاراپ ماڭدى. لېكىن كېرىم يۈگۈرگەندەكلا كېلىپ قادىرنىڭ ئالدىغا ئۆتتى ۋە ھىلىگەرلىك بىلەن ھېجىيىپ تۇرۇپ دېدى:

— ئۇكام قادىر، بۈگۈن سىنىپىڭىزدا «ئەدەبىيات كېچىسى» ئۆتكۈزۈلىدىغان ئوخشايدۇ - ھە!

— شۇنداقراق ئورۇنلاشتۇرۇۋىدۇق، — دەپ سوغاققىنا جاۋاپ بەردى قادىر.

— ۋوي! ئۇنداق بولسا بىزگە تەكلىپ قەغىزى بېرىلمىدىمۇ؟

— بىز دېگىنىڭىز كىملەر؟

— ھە، ياق، شەخسەن ئۆزەمگە دېمەكچىمەن.

— ھە، شەخسەن ئۆزەمگە دەڭ، ئەزەلدىن بۇيان ئۆتكۈزۈلۈپ كېلىۋاتقان «ئەدەبىيات كېچىسى» نىڭ تەرتىپلىرى سىزگە مەلۇملۇققۇ؟! خوشنا مەكتەپلەردىن، ئۆز مەكتىۋىمىزنىڭ ھەر قايسى بولۇم - تارماقلىرىدىن ۋە يەنە ھەر بىر سىنىپلاردىن



www.uyghurkitap.com

مەلۇم ساندىكى كىشىلەرگە تەكلىپ قەغىزى يېزىلىدۇ. تىل ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىغا بولسا، بۇ ئۇلارنىڭ ئۆز ئىشى دەپ قارىلىپ، ئۇنداق قىلىنمايدۇ. لىللا گەپنى قىلسام سىز بىلەن بىز شۇ ئىشنىڭ بىۋاستە تەشكىللىگۈچىلىرى ئەمەسمۇ؟ مەيلى تەكلىپ قەغىزى يېزىلسۇن ياكى يېزىلمىسۇن، جەزمەن قاتنىشىش كېرەكتە ... بۇ سىزگىمۇ چۈشىنىشلىكتۇ!

— تېخى ھېلىلا ئالىمنىڭ قولىدا بىر تەكلىپ قەغىزى كۆرگەن ئىدىم. بۇ ئىشنى شۇڭا سوراپ باققۇم كەلدى - دە! ...

— راست، ئالىم ئاكىغا تەكلىپ قەغىزى بېرىلدى. بۇ، ئالىم ئاكىغا «ئەدەبىيات كېچىسى» دە ئالاھىدە بىر شېئىر ئوقۇپ بېرىش ئۈچۈن ئالدىن بېرىلگەن تەكلىپ قەغىزى، سىزنىڭ بۇنداق قائىدىدىنمۇ خەۋىرىڭىز بولسا كېرەك؟

كېرىم ھېجايدى.

— ئۇنداق بولسا، مەسىلەن، ھە، ئوقۇشۇلماسلىق بولۇپتۇ — ئۇكا، ئەمدى چۈشەندىم. خوش، يەنە بىر گەپ، ھە، مەسىلەن، مەنمۇ بىرەر پارچە شېئىر ئوقۇپ بەرسەم قانداق بولار؟

— قېنى، ئەھۋالغا قاراپ باقارمىز، ۋاقىت يار بېرەمدۇ - يوق.

قادىر سىنىپقا قاراپ مېڭىپ كەتتى. كېرىم ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھەسەتخورلۇق بىلەن قاراپ قالدى ۋە ئۆز ئىچىدە: «ئاناڭنى!... ئەگەر، سەن مېنى باشقىلار بىلەن تەڭ دەرىجىدە كۆرۈشنى خالىغان بولساڭ، نېمىشقا باشقىلار قاتارى ماڭىمۇ بىرەر پارچە بىر نەرسە ئوقۇپ بېرىشكە ئالاھىدە تەكلىپ قەغىزى بەرمەيسەن؟ توختاپتۇر قېنى»، دەپ غۇڭشىدى.

«ئەدەبىيات كېچىسى» گە قاتنىشىدىغانلار توپ - توپ بولۇپ، كەينى - كەينىدىن سىنىپقا كىرىشكە باشلىدى.

سىنىپ گويا ئوت چاقنىغاندەك چاقناپ تۇراتتى. شەرقىي

تامدىكى ئەينەك دوسكىنىڭ ئىككى يېنىغا ھەر خىل گۈل ۋە نەقىشلەر سىزىلغان بولۇپ، ئوتتۇرىسىغا ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، خۇش خەت بىلەن: "ياشلار تىرىشىڭلار، ئانا ۋەتەنگە ئوتتەك قىزغىن ياشلىق باھارىڭلارنى بېغىشلاڭلار" دىگەن شوئار بىلەن "ئەدەبىيات كېچىسى" دىگەن خەتلەر يېزىلغان ئىدى. سىنىپنىڭ ئارقا تەرىپى — غەربىي تامغا ئېسىلغان ئۇزۇن لوزۇنكىغا ھەل بىلەن يېزىلغان: "ئۆگىنىش، ئۆگىنىش، يەنە ئۆگىنىش" دىگەن سوزلەر ئەتراپقا نۇر چېچىپ تۇراتتى. سىنىپنىڭ ئىككى يېنى — شىمالىي ۋە جەنۇبىي تامغا: "ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىل - ئەدەبىيات دەرسىدە يازغان ماقالىلىرىدىن تاللانمىلار" دىگەن سەرلەۋھە ئاستىدا تام گېزىتى ئىشلەنگەن ئىدى. شىرە ۋە ئورۇندۇقلار توت تام ياقىلىتىپ تىزىلىپ ئوتتۇرىسىدىن ئالاھىدە بىر سەھنە چىقىرىلغان ئىدى.

سىنىپ باشلىقى چىمەن ئوتتۇرىغا چىقىپ "ئەدەبىيات كېچىسى" نىڭ باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلغاندا، ئۇزۇنغا سوزۇلغان گۈلدۈراس ئالقىش ساداسىدىن سىنىپ ئىچى لەرزىگە كەلدى. كەيىندىن چىمەن:

— ھورمەتلىك ئۇستازىمىز قادىر سوزلەيدۇ، — دىدى.

قادىر ئورنىدىن تۇرۇپ سالماق قەدەم بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە ھاياجان بىلەن كوپچىلىككە قارىدى. بىر چەتتە سادىق ئەپەندى قاتارلىق مەكتەپ مەسئۇللىرى، خوشنا مەكتەپلەردىن كەلگەن مېھمانلار، ئوقۇتقۇچىلار ئولتۇرۇشاتتى. بۇ يەردە كېرىممۇ بار ئىدى. يەنە بىر تەرەپتە ھەرقايسى سىنىپلاردىن كىرگەن ئوقۇغۇچىلار ئورۇن ئالغان ئىدى. قالغان ئورۇنلارغا قادىرنىڭ سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئورۇنلاشقان ئىدى. ئانار بولسا، مۇشۇ ئوقۇغۇچىلار قاتارىغا كىرىۋالغان



ئىدى. قادىر سالماقلىق بىلەن كوپچىلىككە بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن، كوزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ تۇرۇپ سوزلەشكە باشلىدى:

— مېھمانلار، ئۇستازلار، ساۋاقداشلار سىلەرگە سالام!...

كوپچىلىك گۈلدۈراس ئالقىش ياڭراتتى. قادىر سوزىنى داۋام قىلدى:

— "ئەدەبىيات كېچىسى" ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوز ئارا ئۆگىنىش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش، نەتىجىلەرنى كورەك قىلىش، كەمچىلىكلەردىن ئىبرەت ئېلىش كېچىسى، بۇ بىر قېتىملىق ئەڭ ئەمەلىي، جانلىق، ئۆگەنگەننى ئىشلىتىش مانىۋرى. ئوقۇ - ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كوتىرىشنىڭ بىر خىل ئۈنۈملۈك تەدبىرى. مەن كېچىمىزگە ئىشتىراك قىلغان بارلىق يولداشلارغا بىلدۇرۇپ قويۇشنى خالايمەنكى، بىزنىڭ تەييارلىغىمىز ئۈزەشۇڭا بۇ كېچىنى ھەممىمىز ئورتاق ھالدا ياخشى، كوڭۈللۈك بىر كېچە قىلىپ ئوتكۈزسەك! باھار غۇنچىلىرىدەك پۈرەكلەپ كەتسۇن بىزنىڭ بۇ كېچىمىز!

ئۇ يەنە گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ئىچىدە ئوز جايىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئاندىن چىمەن يىغىننىڭ نوۋەتتىكى كۈنتەرتىۋىنى ئېلان قىلدى:

— «ئۆگىنىش توغرىسىدا سوھبەت» دىگەن بىر كورۈنۈشلۈك سەھنە ئەسىرى ئورۇنلىنىدۇ.

ئىككى نەپەر ئوقۇغۇچى سەھنىگە چىقىدۇ...

ئا: ساۋاقداش، سىزگە بىر ئىلتىماسىم بار ئىدى. مالال كەلمىگەن تەقدىردە، ماڭا ئۆگىنىشتە بىرئاز ياردەم قىلىسىڭىز دەيمەن.

ب: بۇ ناھايىتى ياخشى ئارزۇ ئىكەن. خوشاللىق بىلەن، قو-

لۇمدىن كېلىشچە يارلىشاي.

ئا: سىزدىن يوشۇرمايمەن، مۇشۇ كۈنلەردە، ئەپلەپ – سەپلەپ ئاران دىگەندە ئاتمىش نومۇر ئېلىپ ئوقۇۋاتىمەن.

ب: نەتىجىڭىز ھەقىقەتەن تۆۋەن ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە "ئەپلەپ – سەپلەپ" دەۋاتامسىز؟

ئا: شۇنداق، سىزگە سەممى سوزلەۋاتىمەن.

ب: ماڭا ئىشەنگەنلىكىڭىزگە رەھمەت. سىزدىن سوراپ باقاي، "ئەپلەپ – سەپلەپ" دىگىنىڭىزنىڭ تەپسىلاتى نىمە؟

ئا: ھە، ئوزىنىسى، بۇ ... "ئوغرىغا نىمە كەم" دىگەندەك، مەنمۇ ئىمتىھانلاردا ئوغرىلىقچە كوچۇرىمەن.

ب: قانداق كوچۇرىسىز؟

ئا: چارەكوپ ... كىتاپتىن، كونسپېكتتىن، ئەتراپتىكى ساۋاقداشلاردىن، ھەتتا شىرەدىن، قوللىرىمدىن، يانچۇقلىرىمدىن، ئەيتاۋۇر ھەممە نىمىدىن كوچۇرىمەن.

ب: قىزىقىسىز – ھە! بۇ تولىمۇ جاپالىق ئىش ئىكەن. شۇنداقمۇ؟

ئا: ھەيران قالماڭ! بەزىدە ئوزەمچە مۇھىم دەپ قارىغان بەزى مەزمۇنلارنى شىرەگە، تاملارغا، قوللىرىمغا يېزىۋالىمەن ياكى پارچە – پارچە قەغەزلەرگە يېزىپ يانچۇغۇمغا سېلىۋالىمەن. ئىمتىھاندا تەلىيىم ئوڭدىن كېلىپ، شۇلاردىن بىرەرتىسى چىقىپ قالسىلا بولدى دەڭا، "ئەپلەپ – سەپلەپ!" ھە، ئاتمىش نومۇر ئالدىم دىگەن مانا شۇدە! قالغان كوچۇرۇشلەرگە كەلسەك ...

ب: مېنىڭچە سىز بەك خەتەرلىك يولغا مېڭىپ قاپسىز.

ئا: بەزىدە تېخى ئەپلەشتۇرەلمەي كۈلكىمۇ قالدىم دىمەمسىز؟ بۇرناكۈن ئوقۇتقۇچى تۇيۇقسىزلا ئىسمىمنى چاقىرىپ قالدى. ئورنۇمدىن تۇرسام: "قېنى جاۋاپ بېرىڭ،



www.uyghurkitap.com

ئاشقازان ئاستى بېزى قەيەرگە جايلاشقان؟" دىمەمدۇ، "ئىم، نىمە دىسەم بولار" دىدىم – دە، ئىچىمدە، بىر ھازا ھەچنەرسە دىيەلمەي تۇرۇپ قالدىم. ئاخىرى يېنىمدىكى بىر ساۋاقدىشىمغا قارىسام، ئۇ قولىنىڭ ئارقىسىنى ئاتىلاۋاتقان ئىكەن. مەن: "ھە، بەللى، ماڭا ياردەم قىلىۋاتىدىغۇ" دەپ ئويلاپ: "ئاشقازان ئاستى بېزى قولاقنىڭ ئارقىسىغا جايلاشقان" — دىمەمدىسمەن، سىنىپتا پاراققىدە كۈلكە كوتىرىلىپ كەتتى ...

سوھبەت شۇ يەرگە كەلگەندە "ئەدەبىيات كېچىسى" نىڭ ئىشتىراكچىلىرىمۇ خېلى ئۇزۇنغىچە ئوزلىرىنى تۇتۇشۇۋالالماي كۈلۈشتى. ئاندىن ئىككى ئوقۇغۇچى يەنە داۋام قىلدى:

ب: خوش، قېنى سوزلەڭ!

ئا: يەنە بىر كۈنى ئوقۇتقۇچى "ئوقۇ" دىگەن پېلنى ئوچ زامان، ئوچ شەخس ھەم بىرلىك، كوپلۈكتە تۈرلەپ بېرىڭ، دىدى، شۇنچە ئويلىسام، تېگىدە بىلمىگەندىن كېيىن ھېچ ئەسكە ئالالمىدىم. ئەتراپىمغا قارىسام پىسىڭگىدە قىلغان سادا يوق. لېكىن مەنمۇ بوش كەلمىدىم. شۇنداق بىر سوزلىدىمكى، خىيالىمغا كەلگىنىنى دەۋەردىم. "ئوتكەن زامان — قارا زامان، ھازىرقى زامان — قىزىل زامان، كەلگۈسى زامان — ئاق زامان ... ھە، قەدىمقى زاماندىكى كىشىلەر تەبىئەت دۇنياسىنى تاش قورال بىلەن ئوزگەرتتى. ھازىرقى زاماندىكى كىشىلەر ماشىنىلاشتۇرۇش بىلەن ئوزگەرتتى. كەلگۈسى زاماندىكى كىشىلەر ... ھىم ..." گېپىم شۇ يەرگە كېلىۋىدى، بىلمەي قالدىم، سىنىپتا "پاراققىدە" كۈلكە كوتىرىلدى ...

ب: ھە، قېنى ئاخىرىنى ئاڭلاي، داۋاملاشتۇرۇڭ.

ما: ۋاي قويۇڭا، ئاخىرىنى دېمەي، قىسقىسى كوچۇرمىكەشلىكنىڭ ھالىغا ۋاي ... ئۇ قەغەزچە ئىمتىھاندا كېرەككە كەلگەن بىلەن، ئېغىزچە ئىمتىھاندا ئوسال قىلىشتىن باشقا رولى يوقكەن.
ب: بۇ دېگىنىڭىز توغرا.
ما: سۆزلىسەم سەت بولىدۇ، سۆزلىمىسەم ئىچىمدە بىر ئاغار دەرت. قېنى، سىز ماڭا بىر ئەقىل كۆرسىتىڭ، نېمە قىلىشىم كېرەك؟
ب: ئۆزىڭىز قانداق ئويلاۋاتىسىز؟
ما: ھازىرچىغۇ ئىزا - ئاھانەتكە قالساممۇ، "دەشنام يېگىنىم بەتنان يېگىنىم" دەپ، ئاتمىش نومۇرنى ئەپلەپ - سەپلەپ قولدىن بەرمەي يۈرۈۋەردىم. ئەمما مۇشۇ ھالىتىمنى ئۆزگەرتمىسەم، كېيىنچە ئىنقىلاۋىي خىزمەتكە ئاتلىنىدىغان بولسام، ئەمەلىي كۈرەشنىڭ ئىمتىھانلىرىدىن ئۆتەلمەي قالىدىغانلىقىمنى ئويلىسام تۈگىمەس غەملەرگە چۆكۈپ كېتىمەن، تۇرمۇشنىڭ سىناقلىرى رەھىمسىز، ئۇ ساختىپەزلىككە يول قويمايدۇ. شۇڭلاشقا كەلگۈسىدە يارامسىز ئادەم بولۇپ قالسام قانداق قىلارمەن دەيمەن.
ب: ئۆزىڭىزمۇ بۇ ھەقتە توغرا باش قاتۇرۇپسىز. مەن سىزگە ئازراق مەسلىھەت بېرەي.
ما: قۇلىقىم سىزدە.
ب: ياخشى ئۆگىنىش ئۈچۈن مۇنداق ئۈچ ئىش بار: ۋەتەننىڭ ئۈمىدىنى ھەممىدىن مۇھىم ئورۇنغا قويىدىغان توغرا مەقسەت، جاپا - مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان قەيسەر ئىرادە، ئەمەلىيەت بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىدىغان جانلىق ئۇسۇل ...



ئا: بىرى كەم بولىسچۇ؟
ب: بولمايدۇ. چۈنكى بۇ ئۈچى بىر پۈتۈن نەرسىنىڭ ئۈچ تەرىپى.
ئا: بىر قۇلۇپنىڭ ئۈچ ئاچقۇچى ئىكەندە!
ب: بەللى ... ئاقىلانە پىكىر دېگەن مانا شۇ. ئەگەر ئۆگىنىشنى بىر قۇلۇپ دەپ قارىساق، مەقسەت، ئىرادە، ئۇسۇل ئۇنىڭ ئۈچ ئاچقۇچى.
ئا: قېنى داۋام قىلىڭ!
ب: مۇشۇ ئۈچ ئاچقۇچ ئارقىلىق ئۆگىنىشتىن ئىبارەت سىرلىق قۇلۇپنى ئاچقىلى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى موجىزىلەرنى كۆرگىلى بولىدۇ.
ئا: قېنى سۆزلەڭ.
ب: سىزدە مۇشۇ ئۈچ ئاچقۇچ يوق بولغان - دە! ...
ئا: توغرا، شۇنداق بولغان.
ب: سىز ئەمەلىيەتتە ئۆزىڭىزنى "ئەپلەپ - سەپلەپ" يۈرگەن - دە.
ئا: ئىقرارمەن، ئىقرارمەن!
ئىككىسى: ھۆرمەتلىك سۆھبىتىمىزنىڭ ئىشتىراكچىلىرى، داۋامىنى ئەتە ئاڭلاڭلار، خەير، خوش!
ئىككىسى كۆپچىلىككە سالام بەردى. ئالقىش ۋە كۈلكە سادالىرى خېلى بىر چاققىچە بېسىقمىدى. پەقەت چىمەننىڭ ئېغىر - بېسىق ۋە قەتئىي ئاھاڭدىكى ئېلانىلا كۆپچىلىكنىڭ دىققىتىنى نۆۋەتتىكى پائالىيەتكە جەلپ قىلدى:
— چەك تارتىپ جاۋاپ ئېلىش. بۇنى ئادىل مەسئۇل بولۇپ باشقۇرىدۇ.
ئادىل ئورنىدىن تۇرۇپ تۇماچە قىلىپ قاتلاپ شەپكىسىگە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com

سىڭلىشىۋالغان چەكىلەرنى كوپچىلىككە كورسىتىپ تۇرۇپ جاكالىدى:

— ئالدى بىلەن ئىنتىزامنى ئېلان قىلىپ قوياي. كېيىن ئاڭلىمىدىم دىسەڭلار ئۇنىمايمەن، بۇ چەكىلەرنى ئۆزەم خالىغان كىشىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ تۇتىمەن. ئۇمۇ ئىختىيار قىلىپ بىرنى ئالىدۇ. چەكتە نىمە تەلەپ قىلىنغان بولسا، ئۇ مۇستەقىل ھالدا شۇنىڭغا جاۋاپ بېرىدۇ. جاۋاپ بېرەلمىسە، كوپچىلىك تەلەپ قىلغان ھەرقانداق شەرتنى ئادا قىلىشقا مەجبۇر ...

ئۇ شۇ سۆزلەرنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇدۇللا سادىق ئەپەندىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— قېنى، ئۆزلىرى باشلاپ بەرسىلە، — دىدى.

سادىق ئەپەندىمۇ قىزىقچىلىق قىلىپ:

— يا بەخت - تەلىيىم، — دىدى - دە، چەكتىن بىرنى ئالدى. چەككە: "ياخشى چوچەكتىن بىرنى ئېيتىپ بەرسىڭىز" دىگەن تەلەپ يېزىلغان ئىكەن. سادىق ئەپەندى كوپچىلىككە قاراپ كۈلۈپ قويدى ۋە بىر پەس تۇرۇۋالغاندىن كېيىن چوچەك ئېيتىشقا باشلىدى:

— كەنتتە بىر نوچى ۋە بىر چېچەن ئادەم بار ئىكەن. كىشىلەر نوچىنى "بىلىكى كۈچلۈك" دەپ ئاتىشىدىكەن. چېچەننى بولسا، "بىلىمى كۈچلۈك" دەپ ئاتىشىدىكەن. بىر كۈنى نوچى بىلەن چېچەن كىشىلەر ئارىسىدا ئۆزئارا گەپ تالىشىپ قاپتۇ.

— مىڭ جىڭ ئېغىرلىقتىكى تومۇرنى چوزۇپ ئۇن مېتىر ئېگىزلىكتىكى تامدىن ئۆتكۈزۈۋېتەلەيمەن، قاپاق تىرەكنى يىلتىزى بىلەن يۇلۇپ ئالالايمەن، — دەپتۇ نوچى ماختىنىپ



ھالدا پو ئېتىپ، چېچەنمۇ بوش كەلمەپتۇ. ئۇ يانچۇقىدىن شايى قولياغلىقنى چىقىرىپ:

— گېپىڭىزنى ئاڭلاپ، كۈچىڭىزگە ھەيران قالدىم. قېنى، بۇ شايى قولياغلىقنى ئالدىمىزدىكى تامدىن ئېتىپ ئۆتكۈزۈپ باقىڭ! — دەپتۇ. نوچى قولياغلىقنى قولىغا ئېلىپ، كوزىگە ئىلمىغان ھالدا ئاتقان ئىكەن، قولياغلىق ئىككى مېتىرمۇ ئېگىزگە چىقماپتۇ. يەنە بىرنەچچە قېتىم كۈچەپ ئېتىپ بېقىپتۇ، لېكىن تامدىن ئۆتكۈزەلمەپتۇ - دە، كوپچىلىك ئالدىدا تازىمۇ مازاققا قاپتۇ.

چېچەن شايى قولياغلىققا بىر سىقىم توپىنى چىگىپ ئاتقان ئىكەن، شايى قولياغلىق كوزنى يۇمۇپ ئاچقىچىلا تامدىن ھالقىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. شۇندىن ئېتىۋارەن نوچى چېچەن ئالدىدا ماختىنالمايدىغان بوپتۇ ...

سادىق ئەپەندى چوچەكنى ئېيتىپ بولۇپ ئولتۇردى. كوپچىلىك ئۇنىڭغا قىزغىن تەشەككۇر بىلدۈردى.

ئىككىنچى قېتىم ئادىل ئانارنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئېلىپ كەلدىم ئۇشبۇ چەكنى ھورمەتتە سىزگە،
نىمە چىقسا جاۋاپ بېرىڭ، تېزلىكتە بىزگە. — دىدى.

ئانارمۇ شوخلۇق قىلىپ:

— خوشاللىق يوق ھازىر ماڭا بۇنىڭدىن ئۆزگە،
كوپچىلىكنىڭ مېھرى بىلىپ سۆرىيمەن كوزگە. — دىدى - دە، چەكتىن بىرنى ئالدى ۋە ئېچىپ كورگەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ سەھنىگە چىقتى ھەم كۈلۈپ تۇرۇپ داۋام قىلدى، چەكتە: "خالىغان بىر كىشى بىلەن بېيىت ئېيتىپ بېرىڭ!" دىيىلىپتۇ. قېنى، كوپچىلىك ئېيتىپ بېقىڭلار! سىلەر مېنى خالامسىلەر ياكى مەن سىلەرنى خالايمەنمۇ؟

سىنىپتا پاراقلىغان كۇلكە ئاۋازى كوتىرىلدى، كۇلكىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلاپلا قادىر سوز ئالدى:

— چەككە "ئوزىڭىز" دىگەن بىر سوز كەم يېزىلىپ قالغان دەك، "ئوزىڭىز خالىغان بىر كىشى بىلەن" دەپ چۈشەنسەك قانداق؟

— ئۇنداق بولسا كېلىشىڭ، سىزنى خالىدىم، — دىدى ئانار.

سىنىپتا يەنە شوخ، جاراڭلىق كۇلكە كوتىرىلدى. قادىرمۇ كۇلگەن پېتى سەھنىگە چىقتى.

ئاجايىپ خوشاللىق ۋە تەنتەنە سادالىرى ئەۋجىگە چىققان ھاياتنىڭ بۇ خوش مىنۇتلىرىنىڭ جانلاندۇرغۇچىسى بولغان قادىرغا قارىتا كوڭلىدە ئېيتىپ تۇگىتەلمەيدىغان رەشكى قوزغالغان كېرىم ئورنىدىن سەل - پەل قوزغىلىپ، قۇرۇق يوتۇلۇپ قويدى. "ئەدەبىيات كېچىسى" باشلىنىپ بولغاندىن كېيىن غېپىدە كىرىپ ئىشىكنىڭ تۇۋىدىكى بىر بوش ئورۇندا ئولتۇرغان توختى بولسا، ئاللىقاچان بۇ يەردىن غايىپ بولغان ئىدى.

— سىز باشلامسىز — مەنمۇ؟ — دەپ سورىدى ئانار.

— چەك سىزنىڭ بولغاندىن كېيىن سىز باشلايسىز - دە ... — دىدى قادىر جاۋابەن.

— ئۇنداق بولسا مەن بېيىتنى باشلىۋەتتىم.

— مەنمۇ تەييار، بېيىتلەرگە بېيىت تەقدىم.

كۇلكە، چاۋاك ...

ئانار: باققا قويدۇق جىنەستە،
كوكلەپ چىقتى بەس - بەستە.
قادىر: ئىلىم - پەننى سۆيىمىز،
زور ئىشتىياق ھەۋەستە.



ئانار: كوز چاقنىتىپ قىزاردى،
جىنەستىنىڭ چېچىكى.
قادىر: بىزىلىدۇ بىز بىلەن،
ۋەتەننىڭ كېلىچىكى.
ئانار: ئوسمەكتىمىز بەختىيار،
زەپەر قۇچۇپ، شوخلىنىپ.
قادىر: قانات بەردى، كۇچ بەردى
زامان بىزگە زوقلىنىپ.
ئانار: ئوگىنىمىز، ئىشلەيمىز،
كەڭ تاشا ئىمكانىيەت.
قادىر: توھپىمىزدىن زوقلانسۇن،
كەلگۇسى ئىنسانىيەت.

ئۇلار جايلىرىغا بېرىپ ئولتۇرۇشتى.

نوۋەتتە، ئادىل ئالىم ئاكىنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— كوپچىلىكنىڭ كوزى سىلىگە تىكىلىپ قالدى، — دىدى.

ئالىم ئاكىمۇ:

— مەنمۇ قاراپ كوپچىلىككە كوزلىرىم تالدى، — دىدى - دە، چەكتىن بىرنى ئالدى. چەككە: راسا كېلىشتۇرۇپ بىر ئۇسۇل ئويناپ بېرىڭ، — دىگەن تەلەپ يېزىلغان ئىدى.

راۋاپ ئاتۇش پەدىسىگە ئورۇلدى، ئۇنىڭ شوخ، يېقىملىق ۋە جاراڭلىق ئاۋازى يۇرەكنىڭ بېغىشىغا تېگەتتى. ئالىم ئاكا ئىككى قولىنى كوكسىگە قويۇپ كوپچىلىككە سالام بەرگەندىن كېيىن ئۇسۇلغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇ خۇددى قاناتلىرىنى كەڭ كېرىپ، كوك ئاسماندا لەرزان پەرۋاز قىلىۋاتقان بۇركۇتكە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئوخشاش قوللىرىنى كەڭ كېرىپ، ئاياقلىرىنى رىتىملىك ھالدا پوكۇس بىلەن يوتكەپ، قوللىرىدا ياڭاق چاقانىدەك "قاس - قۇس" ئاۋاز چىقىرىپ سالماقلىق بىلەن سەھنىنى ئايلىناتتى. ئوخچۇپ، مۈرىلىرىنى ئوينىتىپ، گەۋدىسىدە لەمەك ئۇرۇپ، بويۇنلىرىنى ئېتىپ، سۈزۈك تاش ئۈستىدە ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇدەك ئوركەشلەپ، كوپچىلىككە خۇش تەبەسسۇم قىلاتتى. بەزىدە ئورنىدا مىقتەك تۇرۇپ، قوللىرىنى ئالماش ھالدا ئالدىغا، ئارقىغا، توپىگە، پەسكە گويا تۇز قانات يايغاندەك ئەگىتىپ ھەركىتىنى جانلاندۇراتتى. گايىدا قولىنى كوكسىگە قويۇپ، بىر قولىنى لىغىرلىتىپ باشقىلارنى ئۇسۇلغا تارتاتتى. ئۇنىڭ ھەر بىر ھەركىتىدە بىر خىل نەپىسلىك، شوخلۇق، مەردانىلىق، سالماقلىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ رەڭگى - رۇخسارىدا يېقىملىق، خۇش پىللىق، قىزىقچىلىق بەلگىسى ئوينايتتى. ئالىم ئاكىنىڭ ئۇسۇلى ئۇز ئارا تەكەللۇپ، تارتىشىش، ئالقىشلار ئىچىدە بارا - بارا كولىمىكتىپ ئۇسۇلغا ئايلىنىپ كەتتى. سەھنىدە ئونلاپ، يىگىرمىلەپ كىشىلەر گويا تەكشى جايدا ئېقىۋاتقان سەلەپتەك لىومشۇپ ئۇياقتىن - بۇياققا ئوتۇشۇپ، بىر - بىرىگە بېقىشىپ ئۇسۇل ئويناتتى...

ئۇسۇل ئاياقلاشتى. ئادىل بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىغا باردىدە، دېدى:

— قېنى ئېنىلىك، سىزمۇ خالاپ بىرنى چەكتىن!

ئوقۇغۇچى جاۋاپ بېرىپ دېدى:

— رەھمەت سىزگە... خوشالمەن بۇ ياخشى نىيەتتىن، — ئوقۇغۇچى چەكتىن بىرنى ئالدى ۋە ئېچىپ كورۇپ كوپچىلىككە قاراپ، — ماڭا بىر تېپىشماق چىقىپتۇ، مەن ئوقۇي،



سىلەر زەڭ قويۇپ ئاڭلاڭلارا — دېدى - دە، ئوقۇشقا باشلىدى:

كىچىككىنە قۇتىدا،
كوردۇممەن بىر جانىۋار،
بۇ جانىۋارغا ھەيرانمەن،
جېنى يوقۇ، خۇيى بار.
ئايلاندۇرۇپ بېشىنى،
قارىساڭمۇ ھەر ياققا،
جاھىللىقى بەك قاتتىق،
قارىۋالار بىر ياققا،
تاغۇ - تاش، چول، دېڭىزدا،
سەپەر قىلساڭ كېرەكلىك،
ئۇنىڭ بىلەن ئاداشماي،
ماڭالايسەن يۈرەكلىك.

ئوقۇغۇچى خېلى بىر ھازاغىچە قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— دېسەم، دېمىسەم بۇ كومپاس بولسا كېرەك، — دېدى.

كوپچىلىك:

— توغرا، — دەپ تەستىقلىدى.

بۇ نوۋەت ئادىل گېرىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ئېنىلىك، سىزمۇ چەكتىن بىرنى سەپتىن قالماي! — دېدى.

گېرىم ئاۋال ئادىلغا، كېيىن كوپچىلىككە بىر قاراپ قويۇپ:

— ئېنىلىك دېسىڭىز قانداق تۇراي مەنمۇ ئالماي، — دېدى -

دە، چەكتىن بىرنى ئالدى. ئۇ چەككە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتىۋېتىپلا:

— بۇنىڭدا "گوھەردەك تاشلارنى مارجاندەك تىزىپ" دېگەن بۇ بىر مىسرا شېئىردىكى ئوخشىتىشلار مۇۋاپىقمۇ - ئەمەسمۇ؟ چۈشەندۈرۈپ بېرىڭ" دېيىلىپتۇ. مېنىڭچە گوھەر دېمەك مارجان دېمەكتۇر، ئۇنداقتا "گوھەر" دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا "مارجان" دېگەن سۆزنى قويىدىغان بولساق، بۇ شېئىر "مارجاندەك تاشلارنى مارجاندەك تىزىپ" دېگەن سۆز تەرتىۋى بويىچە تۈزۈلىدۇ. شۇڭا قىسقىچىلا جاۋابىم: ئۇنداق دېيىش مەنتىقىغە ئۇيغۇن ئەمەس، — دېدى.

ئادىل:

— قېنى، كۆپچىلىك قانائەت ھاسىل قىلدىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

بۇ سوئالغا بىرىنچى بولۇپ قادىر ئىنكاس قايتۇردى:

— ياق، — دېدى ئۇ چۈرتلا كېسىپ، — ماقۇل، بىز گوھەرنى مارجان دەيمۇ قارايلى... ئەمما، ئۇ مارجاننىڭ پەقەت بىر خىلى، بەلكى مارجان بولغاندىمۇ "گوھەر مارجان" دېگەن مەخسۇس نام بىلەن ئاتىلىدۇ - دە! ... مارجانلارنىڭ بۇنىڭدىن باشقىمۇ نۇرغۇن خىللىرى بار. روشەنكى گوھەر باشقا مارجانلاردىن ئۆتكۈر جۇلالىپ، روشەن نۇر چېچىش ۋە ئېسىللىك خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مىسرا شېئىردىكى ئوخشىتىشلار ئالامەت ماھىرلىقنىڭ ئىپادىسى.

— قېنى، ئەشۇ ئالامەت ماھىرلىقنى ئىسپاتلاپ بېقىڭ! — دەپ زەردە بىلەن سورىدى كېرىم.

— بولىدۇ، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى قادىر، — بۇ



بىر مىسرا شېئىردا ئىككى ياكى قوش ئوخشىتىش بار، "گوھەردەك تاشلارنى" دېگەندىكى "گوھەر" تاشلارنىڭ سۈپىتىنى كۆرسەتمەيدۇ. ئەندى "مارجاندەك تىزىپ" دېگەندىكى "مارجان" تاشلارنىڭ ھالىتىنى بىلدۈرىدۇ. قىسقىلا جاۋابىم: بۇ بىر مىسرا شېئىر قوش ئوخشىتىشنىڭ بوياق بېرىشى ئارقىسىدا، بىزگە ئەڭ يارقىن بىر سۈرەتنى سىزىپ بەرگەن، بۇ مەنتىقىگە ئۇيغۇن بولۇپلا قالماستىن بەلكى مەنتىقىنى بېيىتىش... تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئېيتسام، بۇ بىر ئىجادىيەت.

— ناتايىن، — دەپ قارشىلىق بىلدۈردى كېرىم.

— ئۇنداق بولسا پاكىت سۆزلەڭ، — دېدى قادىر تەمكىن تۇرۇپ، — ئىلىم مەسىلىسىدە ئوخشاشمىغان كۆزقاراشلار ھامان بولۇپ تۇرىدۇ. توغرا - خاتاسىنى ئايرىۋېلىش ئۈچۈن مۇنازىرە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، ئىلىم مانا مۇشۇنداق مۇنازىرىلەر داۋامىدا راۋاجلىنىدۇ. قېنى، قالغىنىنى كۆپچىلىك سۆزلەپ باقسۇن!

بۇ بەس - مۇنازىرە كۆپچىلىكنىمۇ ئۆز قوينىغا باشلاپ كىردى. ئۇ بىر نېمە دەپ، بۇ بىر نېمە دەپ ئاخىرى قادىرنىڭ كۆزقارىشى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى.

ئارقىدىن يەنە بىر قانچە ئوقۇغۇچىلار "ئۈچتە ياخشى" ۋە "ئەلاچى" بولۇش تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇردى ۋە ئۆزلىرى يازغان شېئىر، قوشاق، ھېكايە، ماقالىلىرىنى ئوقۇپ ئۆتتى.

ئاندىن ئالىم ئاكا مىننەتدارلىق سۆزى سۆزلىدى، خوشاللىق، ئالقىش، كۈلكە، چاقچاق، تەنتەنە، ئۈمىت، ئىستەكلەر ئىچىدە "ئەدەبىيات كېچىسى" ئاخىرلاشتى.

## ئونىنچى باپ

قادىر يېزىش پراكتىكىسى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلارنى يېزىغا ئېلىپ چىققىنىغا توت كۈن بولدى.

بۈگۈن ئۇنىڭ ئۇيقۇسى ئېچىلغاندا تاڭ سۈزۈلۈپ قالغان ئىدى. توت كۈندىن بېرى يېزىدا كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان خىلمۇ-خىل نۇرغۇنلىغان تەسىرلىك ئىشلار سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، كۆڭلى ناھايىتى كۆتۈرەڭگۈ بولۇپ، گويا ئۆزىنى كۆك ئاسماندا ئەركىن پەرۋاز قىلىۋاتقان قۇشتەك ئازادە ھەم يېنىك ھېس قىلاتتى.

ئۇ، ئورنىدىن تۇرۇپ تاشقىرىغا چىقتى. كۆكتە تورغايلار ۋىچىرلاپ، دالىدا ھايات قاينىغان ئىدى. ئۇ ئالدىدىكى تاش ئۆستەڭدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، توپ-توغرا ئېتىزلارنى ئارىلاپ يول ئالدى. ئۇ، ھەر تاختىسى ئەللىك مودىن قىلىپ ياسىلىپ، مېۋىلىرى ئالتۇن رەڭگە كىرگەن، ياپراقلىرى كۈمۈشسىمان جىگدىلىكلەردىن بەلۋاغ باغلىغان؛ قوناق، كېۋەز، شال مايسىلىرىدىن ئۆستەڭگە يېشىل تون كىيگەن سالا ئېتىزلارغا ھېرىسمەنلىك بىلەن تويماي قارايتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى سەھەرنىڭ راھەتبەخش غۇر-غۇر شامىلىدىن لەرزان تەۋرىنىۋاتقان زەل-زىرائەتلەرگە، كىچىك شاخچا[*] ئېرىقلار ئارقىلىق ئېتىزلارغا كىرىپ، ئۇدۇللۇق زەل-زىرائەتلەرنىڭ تومۇرىغا سىڭىپ كېتىۋاتقان سۈپ-سۈزۈك زىلال سۇلارغا قاراپ باشقىچە يايراپ كەتتى. يىراقلاردىن تراكتورلارنىڭ بوتۇلداشلىرى ۋە ئارىلاپ قوشچىلارنىڭ



"ئوش-كە" "قىرتاپ" دېگەن ئاۋازلىرى، ياڭراق ناخشىلار، يوللاردىن ئۆتۈۋاتقان مال پادىلىرىنىڭ مەرەش-مۆرەشلىرى قوشۇلۇپ، بۇ ئاۋات يېزىنىڭ بىر كۈنلۈك ھايات سىمپونىيىسىنى باشلىۋەتكەن ئىدى.

قادىر زىرائەتلەرنى ئارىلاپ مېڭىپ-مېڭىپ بىر تۈگمەننىڭ ئالدىغا چىقىپ قالدى. تۈگمەن بىر ئوچاستكا يولنىڭ بويىدىكى چوڭ ئۆستەڭگە قۇرۇلغان بولۇپ، توت ئەتراپى بوككىدە سۆگەت-تاللار بىلەن قاپلانغان ئىدى. بولۇپمۇ تۈگمەننىڭ يان تەرىپىدىكى ئەپچىلغىنا بوستانلىقتا بىر كىچىك چايخانا بولۇپ، ئۇ، بۇ ئەتراپقا باشقىچە بىر مەمۇرچىلىق، ئاۋاتچىلىق بەخش قىلغان ئىدى. چايخانىدا بىرنەچچە كىشى چاي ئىچىشىپ ئولتۇراتتى. قادىر كۆڭلى سۆيۈنگەن ھالدا چايخانا سۇپىسىغا كېلىپ، ئولتۇرغانلار بىلەن سالاملىشىپ بولۇپ ئولتۇردى-دە، بىر چەينەك چاي بۇيرۇدى.

ئۇ، ئەتراپقا تويماسلىق بىلەن قارايتتى. ئەتراپتىكى تەبىي گۈزەللىكمۇ، بۇ يېڭى مېھماننى ھوزۇرلاندۇراتتى. مەيىن شامال ئۇنى يەلپۈيتتى، سۇلار ئۇنىڭ ئالدىدىن ناخشا ئېيتىپ ئۆتەتتى. قۇشلار ئۆز ناۋالىرىدا ئۇنىڭغا كۈي تەقدىم قىلاتتى. دەل-دەرەخلەر بولسا ئۇنى ئۆز سايىسى ئاستىغا ئالغان ئىدى.

چايخانا خىزمەتچىسى ئۇنىڭ ئالدىغا چاي كەلتۈردى. ئۇ چاينى بىرنەچچە قېتىم چەينەكتىن پىيالىگە، پىيالىدىن چەينەككە ياندۇرۇپ، سورۇپ تىنىدۇرغاندىن كېيىن، قايتىدىن پىيالىگە قۇيۇپ چاي ئىچىشكە تۇتۇندى. ئۇ قېنىق دەملەنگەن چاينى ئوتلاپ ئولتۇرۇپ، قانداقتۇر بىر خىيالى تەلپۈنۈش بىلەن يولغا قارايتتى.

نېرىدا، چوڭ يولدا بۇ تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان ۋەلسىپىتلىك بىر كىشى كۆرۈندى. "قىز..." — دەۋەتتى قادىر كەلگۈچىنىڭ بېشىدىكى قىپ-قىزىل ھېلىلە ياغلىقىنىڭ يەلپۈنۈشىگە قاراپ. قىز يولىنىڭ ئوڭ تەرىپى بىلەن ۋەلسىپىتنى ناھايىتى چاپسان تېپىپ كەلمەكتە ئىدى.

نىمشىقدۇر قىز چايخانا ئالدىغا يېقىنلاشقاندا، بىزنىڭ چايخۇمارىمىزنىڭ يۈرىكى "جۇغ" قىلىپ قالدى ۋە:

— ئانار! ...... — دەۋەتتى. بۇ سۆزنى شۇنچە ھاياجان ۋە ئۆزىنى تۇتالماستىن ئاغزىدىن چىقىرىۋەتكىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى.

قادىر ئورنىدىن تۇردى. دادىۋي تەرەپكە بىر خىل چاپسانلىق بىلەن كېتىۋاتقان ئانار تۇيۇقسىز قادىرنى كۆردى-دە، دەرھال ۋەلسىپىتنىڭ تورمۇزىنى باستى. تېز كېتىۋاتقان ۋەلسىپىت ئىتتىك بېسىلغان تورمۇز زەربىدىن ئانارنى سىلكىۋەتتى. ئۇ، يىقىلىپ چۈشۈشكە تاس-تاماس قالدى.

— ۋىيەي! ..... قادىرمۇ سىز، ئەجەپ تاسادىپى بۇ يەردە ......، — دېدى ئۇ.

— قارىڭا، سىزنىڭمۇ ئاسماندىن چۈشكەندەكلا كېلىپ قالغىنىڭىزنى...، — دېدى قادىرمۇ.

— ھەئە. مەن شۇنداق بەزىدە ئاسماندىن، گايىدا يەردىن... سىزچۇ؟ دەل مۇشۇ يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەك...

— ئىككىسى تەڭلا كۈلۈشتى. قادىر ئانارنىڭ قولىدىن ۋەلسىپىتنى ئالدى. ئۇلار كېيىن سۇپىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. ئانار پىشانىسىدىكى تەرنى قول ياغلىقى بىلەن ئېرتىۋاتقاندا، قادىر پىيالىگە چاي قۇيۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇۋېتىپ سورىدى:

— ئەتىسگەندە چىقىپ قالدىڭىزغۇ؟



— مۇھىم بىر ئىش بىلەن، — دېدى ئانار.

— قانداق مۇھىم ئىش ئىدى؟

— ئاۋال سۆيۈنچىگە ۋەدە بېرىڭ!

— سۆيۈنچە ئايلانسۇن سىزدىن...

ئانار ماتېرىيال سومكىسىنى ئېچىپ ئۇنىڭدىن بىر سان «شىنجاڭ مائارىپى» نى ئالدى-دە، دېدى:

— مانا بۇ سانىغا سىزنىڭ «ئىستېلىستىكىلىق ئىپادە قىلىش ئۇسۇللىرى» دىگەن ماقالىڭىز بېسىلىپتۇ.

قادىر ئانارنىڭ قولىدىن ژورنالنى ئالدى ۋە ماقالىنىڭ باش قىسمىدىن بىرنەچچە قۇر ئوقۇپ چىقتى. ئاندىن ئانارغا دېدى:

— كۆرۈپ چىقتىڭىزمۇ؟ قانداقراق؟

— كۆرۈپ چىقتىم. ماقالىڭىزدا "ھەرقانداق بىر بەلگىلىك مەزمۇن مۇكەممەل تىل شەكلى ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىدۇ. تىل-ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىدا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىپادە قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنى بىرقەدەر مول سۆز بايلىقىغا ئىگە قىلىشىمىز، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا بىرقەدەر كۆپرەك قوللىنىلىدىغان ئىستېلىستىكىلىق ئىپادە قىلىش ئۇسۇللىرىدىن بىلىم بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك" دەپسىز. ئاخىرىدا ئىستېلىستىكىلىق ئىپادە قىلىش ئۇسۇللىرىنى خېلى تەپسىلى چۈشەندۈرۈپسىز. مەن ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولمىساممۇ، چۈشەندۈرگەنلىرىڭىزگە باشقىچىلا قىزىقىپ قالدىم. شۇڭلاشقا بۇ مۆڭگىزنى تەبرىكلەشنى ۋىجدان بۇرچۇم دەپ بىلىپ، خۇشخەۋەر ئېلىپ كەلدىم.

— رەھمەت مانا لايىدا ئوتتۇرىغا قويغانلىرىم مۇكەممەل ئەمەس. سىزنىڭ ئاربىلىغىنى يىراق كۆرمەي، بۇ يەرگە كېلىپ ماڭا

ئىلھام بەرگەنلىكىڭىزگە مىننەتدارمەن.

— رەھمەت دېگىنىڭىزنى قاراڭ، بىز ئۆز ئادەملىرىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن تەڭ خوشال بولۇشىمىز كېرەك.

— بىراق، كىشىلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدىن ئۆزلىرىگە ئازاپلىق ھېس قىلىدىغان، ئىچ - ئىچىدىن ھەسەتخورلۇغى قايناپ - تاشىدىغان بىر قىسىم ئادەملەرمۇ بار-دە!

— شۇنداق، — دېدى ئانار قادىرنىڭ كوزلىرىگە مەنىلىك قاراپ، — بىراق مۇنداق كىشىلەر مەقسىدىگە يېتەلمەيدۇ. ئىت قاۋايدۇ، كارۋان كېتىۋېرىدۇ.

ئىككى پاك قەلب بىر - بىرىنىڭ پىكرىنى سەمىمى كۈلكىلىرى بىلەن تەستىقلاشتى.

— يەنە بىر ئىش، — دېدى ئانار، — ئەتە چۈشتىن كېيىن دادامنىڭ مېھمانلىرى بار ئىدى. سىزنى بىللە ئولتۇرۇپ بېرەرمىكىن، دەپ تەكلىپ قىلىپ چىقتىم.

— مېھمانلار قەيەردىن كېلىشىدۇ؟

— دادامنىڭ ئىدارىسىدىن — تۈرلى ماللار سودا سارىيىدىن.

— ئۇھوي، تونۇشمىغان مېھمانلارنىڭ ئارىسىدا قورۇنۇپ قالارمەنمۇ؟

— تونۇش بولمىغانلار بولسا، يېڭىدىن تونۇشىسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ مەكتەپتىنمۇ توت - بەشەيلەننى تەكلىپ قىلماقچىمىز.

— ماقۇل، ئىلاجى بار كىرىمەن.

— قانداق گەپ ئۇ؟ "ماقۇل ئىلاجى بار كىرىمەن"، شەرتسىز كىرىشىڭىز كېرەك. بۇ ئالاھىدە بىر مورۇت. دادام مەكتەپتىن قاتنىشىپ بېرىدىغانلارنى سورۇشتۇرۇپ كېلىپ، ئانامغا



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئالاھىدە: "ئانارغا ئېيتىپ قوي، ھېلىقى قادىر دېگەن بالىنى تەكلىپ قىلىپ قويسۇن، ئۇ يىگىت بىلەن ئۆتكەندە بىر يەردە ھەمداسقان بولۇشۇپ قالدۇق. خېلى ئادىمگەرچىلىكى بار يىگىتنەك قىلىدۇ" — دەپتۇ.

— توغرا، ئېسىمدە بار. بۇ سودا ئىدارىسىدىكى تاغامنىڭ ئۆيىدە بولغان. شۇ چاغدا دادىڭىز بىلەن ئىككىمىز ئازراق پاراڭلاشقان ئىدۇق، — قادىر بىرئاز توختىۋالغاندىن كېيىن ئانارنىڭ دادىسى بىلەن بولغان پاراڭنى خۇددى سەھنە ئەرلىرىدەك ئەينەن بايان قىلىشقا باشلىدى:

— بالام ئۆزلىرى قەيەردە ئىشلەيلا؟

— دارىلمۇئەللىمىندە.

— مېنىڭ بىر قىزىممۇ شۇ يەردە ئوقۇتقۇچى.

— كىمكىن؟

— ئانار.

— ھە!... ئانار دېسىلە؟ ئۇ مەكتىۋىمىزنىڭ خېلى ياخشى ئوقۇتقۇچىسى.

— ئۇنچىلىك بولسا خاتىرجەممەنغۇ، ئەمدى ئۆزلىرىدىن سوراي، ئىسىم - شېرىپلىرى كىم بولىدىكىن؟

— قادىر.

— ھە، قادىر دېسىلە. ياخشى ئىسىم.

قادىر بىر يۇتۇم چاي ئوتلىۋېلىپ سۆزىنى ئادەتتىكىچە داۋام قىلدى:

— پارىڭىمىز شۇ يەرگە كەلگەندە دادىڭىز كۈلدى ۋە رەڭگى - روييىدا سەل ھەيرانلىق ئالامىتى پەيدا بولۇپ ماڭا قاراپ بىر پەس تۇرۇپ قالغان ئىدى. ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىدىن خەۋىرى بارمىكىن، تاڭ!

— قادىر "مۇناسىۋىتىمىز" دېگەن گەپنى ئالدىراپ قىلىپ تاشلىغانلىقىدىن سەل قىزىرىپ كەتتى.

— ئېھتىمال، — دېدى ئانارمۇ قوشۇلۇپ، — خەۋىرى يوق دەپ ئېيتقىلىمۇ بولمىسا كېرەك. پەمىچە ئانام دادامنى خەۋەرلەندۈرۈپ، قايىل قىلىپ قويغاندەك تۇرىدۇ.

— ئۇنداق بولغاندا، ئىنزا تارتمايمەنمۇ؟

— ئىنزا تارتىسىڭىز، يۈزىڭىزگە چۈمبەل سېلىۋالارسىز.

ئىككىسى تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتى. كېيىن ئانار:

— مەن ھايتاي، — دېدى - دە، ئورنىدىن قوزغالدى.

— ياتاققا بارامسىز؟ — دەپ تەكلىپ قىلدى قادىر.

— خوش، ئۈچىنچى سائەتتە دەرسىم بار ئىدى.

— ئۇنداق بولسا ماقۇل.

— خوش، سالامەت بولۇڭ.

— قايتامسىز؟ سىزمۇ ئامان بولۇڭ!

قادىر خېلىغىچە ئانارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدى. ئۇ: "جاھاندا ياخشى قىزلارمۇ كۆپ... ئەمما ھېچبىرىنى مۇشۇ ئانارغا ئوخشاتمايمەندە" — دەپ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ سۆزلەپ قويدى.

ئۇ، دادۈي تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. ئۇنى بىر شېرىن ئوي ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ سەھەردىن بۇيانقى ۋاقتى تولىمۇ خۇشۋاغ ئۆتتى. "پىشانەم ئوچۇق بولۇۋاتىدۇ" — دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە، — ھايات ھەمىشە ماڭا قىزغىنلىق بىلەن كۈلۈپ قاراپ، ناھايىتى چوڭقۇر مېھرى بىلەن بەختىنى سوغا تەقدىم قىلىۋاتىدۇ. ئانارمۇ ئۆزىنىڭ قۇياشتىنمۇ پاك ۋە ئوتلۇق بولغان قەلبىنى ماڭا بېرىۋاتىدۇ. ئېھ يۈرىكىم! خۇشاللىقتىن يېرىلىپ كەتمىگىن!" ئارقىدىنلا ئۇ يەنە خىيالـ



ـدىن كەچۈردى: "ھايات ماڭا شۇنداق قىزغىنلىق بىلەن بەخت ئاتا قىلىۋاتىدۇ، ئەمما يولۇمدا مېنىڭ پۇتۇمغا، ھەتتا يۈرىكىمگە سانچىلىپ، شات قەلبىمنى جاراھەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئازغانتىكەنلەرمۇ تۇرۇپتۇ. لېكىن مەن ئۇنى چەيلەپ ئۆتۈپ كېتىمەن. مەن ئاتامنى خاراپ قىلغان شۇم تىكەنلەرنىڭ مېنىمۇ نابۇت قىلىشقا يول قويمايمەن، ھايات ماڭا ئاتا قىلغان قىزغىن مۇھەببەتنى قەدىرلەپ، شۇ مۇھەببەتنىڭ ھاياتىي - كۈچى بىلەن ۋەتەنگە شەرەپ كەلتۈرىمەن."

ئۇ، خىيالىنى يىغىپ، ئەتراپقا قارىدى. يەنە شۇ جۇشقۇن، گۈزەل كارتىنا. قادىر كېتىۋېتىپ، خۇشاللىقىدىن ئاستا غىڭشىپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى. بىردىن يېزىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى دەريا ياقىسىدىن كېلىۋاتقان يېقىملىق ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ناخشىسىنىمۇ، قەدىمىنىمۇ توختاتتى.

باھار كەلدى خىسلەتلىك،
شاتلىقىمىز ئۇرغۇدى.
يېزىمىزنىڭ جامالى،
دىلدا ئىلھام قوزغىدى.

قادىر ناخشا كېلىۋاتقان ياققا — قۇياشنىڭ سېرىق نۇرلىرىدىن كۈمۈشتەك پاقىراپ، دولقۇنلار ئۈستىگە دولقۇنلار ئېتىپ ئېقىۋاتقان دەريا بويىغا قاراپ ماڭدى. ناخشا يەنە شۇ بىر ئاۋازدا ياڭرايتتى.

ئۈستەڭ بويىغا تىكتۇق،
سۆۋادان ھەم سوگەتنى.

نىشەنچە زور قۇرۇشقا،
زامانىۋى دولەتنى.

ئۇ، دەريا بويىغا يېتىپ كەلدى. خوشاللىق ۋە مەردانىلىق بىلەن ناخشا ئېيتىۋاتقانلار بىر گورۇپپا دېخانلار بىلەن "خەلق ناخشا - قوشاقلىرىنى توپلاش، رەتلەش" گورۇپپىسىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئىدى. ئۇلار ئۆزئۆزىدىن - ئۆزئۆزىگە سوزۇلغان ياپ - يېشىل شال ئېتىزلىرىدا خۇددى تۇرنىلارغا ئوخشاش سەپ - سەپ بولۇشۇپ ئوت ئوتىشىۋاتاتتى.

— سالام تۇققانلار، ساۋاقداشلار!

يول تەرەپتىكى بوستان - سوگەتلەرنىڭ ئارىسىدىن تۇيۇقسىز چىقىپ كەلگەن قادىرنىڭ ئاۋازىدىن كوپچىلىك چوچۇپ قاراشتى. قادىر كوپچىلىككە خۇش تەبەسسۇم بىلەن قاراپ تۇراتتى.

— ۋوي، مۇئەللىمكەنغۇ، كەلسىلە! — دېدى كوپچىلىك ھورمەت بىلەن. ئارىدىن بادام قاپاق بىر چوكان گەپ ئاتتى:

— شەپىسىزلا كېلىدىكەنلا ھە، مۇئەللىم!

— شەپىسىز كېلىش ئاسان ئەمەس، بۇ مانا مەن دېگەن ئەپچىل يىگىتلەرنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىشتە!...

كوپچىلىك پاراققىدە كۇلۇشۇپ كەتتى، بادام قاپاق چوكان يەنە بوش كەلمىدى:

— ئاسماندىن چۈشتىلىمۇ، يەردىن چىقتىلىمۇ؟

— ھەم ئاسماندىن، ھەم يەردىن.

— ھەجەپمۇ قالتىس ئىكەنلا مۇئەللىم، ئۇنداقتا سۇغا كىرىشتىنمۇ قورقمايدىكەنلىدە.

— سۇغا كىرىشتىنمۇ قورقمىدۇكىشى، سۇ دېگەن ئابى - ھاياتتە!



— ئۇنداق بولسا، مەن بىلەن سول تارتىشقا خۇشلىرى بارمىكىن؟

— تارتىشالمىسام ئۇزلىرى بارغۇ، بىللە ئېلىپ ماڭالا!

— قېنى كەلسىلە!

شالاقنى بىردەم خوشال كۇلكە قاپلىدى. قادىر بەتىنكىسىنى سېلىۋېتىپ، شىمىنىڭ پۇشقاقلىرىنى تۇرۇۋېتىپ، سۇغا كىردى - دە، ھېلىقى چوكانغا ياندىشىپ سول تارتىپ ئوت ئوتاشقا باشلىدى.

— قېنى، باياتىنقى ناخشىنى داۋاملاشتۇرمايمىزمۇ؟ ناخشا دېگەن كىشىنىڭ ھاردۇغىنى چىقىرىدۇ، غەيرەت بېغىشلايدۇ، كوڭلىنى شاتلاندۇرىدۇ، — دېدى قادىر.

ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى بىر ئايال سوز قاتتى:

— ئۇزلىرى بىلەن سول تارتىشىۋاتقان چوكان داڭلىق ناخشىچىمىز بولىدۇ ئەپەندىم. ئۇزى ناخشىنىڭ قېپىنى يېرىۋېتىدىغانلاردىن، شۇڭا ئۇنى پۈتۈن يۇرت "سادەتخان غەزەل" دېيىشىدۇ.

— سادەتخان غەزەل دېسىلە؟!

— شۇنداق، بۇلار ئەۋلادىدىن - ئەۋلادىدىن تارتىپ غەزەلچى خەلق. بوۋىسى "ئارىپ غەزەلچى"، "دادىسى قاسىم غەزەلچى"...

— ئۇنداق بولسا بەك ياخشىغۇ؟! — دېدى قادىر، ئارقىدىن ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ كېپىنى داۋاملاشتۇردى، — سىلەر، ئوقۇغۇچىلار قۇرىماس بىر بۇلاق تېپىۋاپسىلەر، بۇ بۇلاقنىڭ سۈيىنى ئوبدان ئىچىشىمىز كېرەك.

— بىر نەچچە كۇندىن بېرى، — دېدى بىر قىز ئوقۇغۇچى بىر توپ پىسىزەك ئوتىنى يۇلۇپ تۇرۇپ، — يالغۇز سادەتخان ئاچىمىزنىڭ ئۆزىدىنلا بىر نەچچە يۈز كۇپلېت ناخشا - قوشاقلارنى يېزىۋالدۇق.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— بۇ ناخشا ـ قوشاقلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تا-
رىخىي ناخشا ـ قوشاقلىرىمۇ خېلى كۆپ ئىكەن،— دېدى يەنە
بىر ئوقۇغۇچى.
— ياخشى، ناھايىتى ياخشى،— دېدى قادىر قولىدىكى
بىر سقىم ئوتنى قىرغا تاشلىۋېتىپ،— قېنى، مەنمۇ بىر ھوزۇر-
لىنىپ قالاي، سادەتخان، ناخشا باشلىسىلا!
سادەتخان قادىرغا بىر قاراپ قويغاندىن كېيىن، بېشىدىكى
چاقماق ياغلىقنى تۈزەشتۈرۈۋېلىپ، بادام قاپاقلىرىنى بىر چە-
رايلىق سۈزۈپ، لەرزان ۋە يېقىملىق ئاھاڭ بىلەن ناخشا
باشلىدى:

بۇغداي، قوناق، شاللاردىن،
ھوسۇل ئېلىپ ھەسسىلەپ.
بۇ ئۇلۇغۋار ۋەتەنگە،
كەلتۈرىمىز شان ـ شەرەپ.

—

دەريالاردا ئۇلۇق سۇ،
ئۇركەشلەيدۇ شاۋقۇنى.
كۈچەيمەكتە ئېلىمدە،
پەن ـ تېخنىكا دولقۇنى.

ناخشا پەرەڭدەك ئوچۇق ھاۋادا، جانان چىنىدەك جاراڭلاپ،
گۈزەل يېزىنىڭ ئىللىق قوينىغا سىڭىپ بارماقتا ئىدى.
— ياخشى،— دېدى قادىر،— ئەمدى تارىخىي ناخشا ـ قو-
شاقلاردىن ئاڭلىساق!
— ھەر بىرلىرىدىن ناخشا ئاڭلىسۇن ئەپەندىم، يارىتىدى-



ئانلا بولۇشىسىلا ئوقۇپ بېرەي،— دېدى سادەتخان ۋە "دوست-
لىرىمغا ناخشىسى" نى ئوقۇشقا باشلىدى:

ئۇيان ئوتۇپ، بۇيان ئوتۇپ كۆڭلىڭنى ئالاي،
قارچۇغىنىڭ بالىسىدەك قولۇڭغا قوناي.

قارىسام ھېچ كۆرۈنمەيدۇ سەمەندىن قوغان،
ھەجەپ قاتتىق يامان ئىكەن ياردىن ئايرىلغان.

يار ئايرىلىپ چىدىسىمۇ، مەن چىدالماسمەن،
چۈنكى يارىم باشتا شۇنداق كۆڭۈل ئالدۇرغان.

شۇ يارىمنى بىر كۆرۈبان كۆڭۈل ئالدۇردۇم،
ھېچ مېنىڭدەك بارمۇ يارغا كۆڭۈل ئالدۇرغان؟

ئاۋال بېقىپ، كۆڭلۈم ئېلىپ، ئەندى باقمايدۇ،
مەن سادىمەن، يار باقار دەپ ئۈمىتتە تۇرغان.

كەڭ دالا، ئوچۇق ئاسمان، ئىللىق ھاۋا... ۋاقىت كارۋان-
لىرى ھاياتقا نەقىش چېكىپ ئۆتمەكتە..
قادىر كۆپچىلىك بىلەن چۈشكىچە شال ئوتىدى. چۈشتىن
كېيىن يەنە دادۇيگە قاراپ ماڭدى. يولدا كېتىۋېتىپ، كېۋەز-
لەرنىڭ تۈۋىنى يۇمشىتىۋاتقان بىر گۇرۇپپا دېھقانلار ۋە "خەلق
ھېكايە، چۆچەك، مەسەللىرىنى توپلاش، رەتلەش گۇرۇپپىسى"-
دىكى ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئۇچراشتى. بۇلار تېخى دەم ئېلىشنا
بولۇپ، ئاتمىش ياشلاردىكى چاقاقال بىر كىشى مەسەل ئېيت-

تىپ بېرىۋاتاتتى. ئۇلار قادىرغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشماقچى بولغان ئىدى، ئۇنىڭغىچە قادىر:

— قوزغالمايلى! — دىگىنىچە بىر چەتتىن ئورۇن ئالدى. چاساقال كىشى قادىرغا قاراپ تەبەسسۇم قىلدى-دە، داۋام قىلدى:

— كۈنلەردىن بىر كۈنى بىر پادىشا سەيلىگە چىقىپ، ئۇستەڭ بويىدا ياشانغان بىر دىخاننىڭ مىۋىلىك كۆچەتلەرنى تىكىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ دەپتۇ: "ھەي قېرى! ... قېرىغىنىڭدا جېنىڭنى قىيناپ، ئاۋارە بولۇپ كۆچەت تىككىنىڭ نىمىسى، خۇداغا شۈكرى قىلىپ، بارغا قانائەت قىلىپ ئولتۇرساڭ بولمامدۇ؟ تىكىۋاتقان بۇ كۆچەتلىرىڭنىڭ مىۋىسى ئېغىزىڭغا تەككىچە سەن ھايات بولساڭ كاشكى..." ھېلىقى ياشانغان دىخان پادىشانىڭ مەسخىرىسىگە رەددىيە بېرىپ: "مۇبادا ئاتا-بوۋىلىرىمىز مىۋە كۆچەتلىرىنى تىكىپ، پەرۋىش قىلىپ، بىز ئۈچۈن قالدۇرۇپ كەتمىگەن بولسا، سىز بىلەن بىز بۈگۈنكىدەك شىرىن-شېكەر مىۋىلەرنى قانداقمۇ يېيىشكە مۇيەسسەر بولاتتۇق پادىشاھى ئالەم! مېنىڭ ھازىر بۇ كۆچەتلەرنى تىكىشىم دەرۋەقە مەن ئۈچۈن جاپالىق، بۇ كۆچەتلەرنىڭ مىۋىسى ئاغزىمغا تەككىچە ئۆلۈپ كېتىشىممۇ مۇمكىن، لېكىن مەن كەلگۈسى ئەۋلاتلار ئۈچۈن جاپا چېكىۋاتىمەن، مەن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، كۆچەتلىرىمنىڭ مىۋىسىدىن لەززەتلەنگەن كىشىلەر مېنى ياد ئېتىدۇ. ھېچبولمىسا، مىۋىلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ. سىز ھەر قانچە ئۇلۇق پادىشا بولسىڭىزمۇ، بۇ ھاياتىڭىزنى ئەيشى-ئىشرەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ، كەلگۈسى ئۈچۈن بىرەر تۆھپە قالدۇرمىسىڭىز، سىزنىڭ نامىڭىز ئۈن-تىنسىز يوقىلىپ كېتىدۇ ھەم سىزگە كېيىنكىلەر لەنەت ئوقۇيدۇ." دەپتۇ. پادىشا بۇ سۆزدىن قاتتىق ئويغا چۆشۈپتۇ-دە، ۋەزىرلىرى بىلەن بىللە بوۋايغا ياردەم-



لەشكەلى تۇرۇپتۇ، — چاساقال كىشى بىر تىنىۋېلىپ دىدى، — مەسەل تۈگىدى باللىرىم، سىلەرنىڭ بۇ قېتىم يېزىغا چىققانلىقىڭلار بەك خاسىيەتلىك ئىش بوپتۇ. بۇ بىر تەرەپتىن ئەۋلاتلىرىمىزغا مەدەنىيەت كۆچىتى قالدۇرۇش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن مەكتەپتە ئۆگەنگىنىڭلارنى ئەمەلدە ئىشلىتىش بولۇپتۇ.

— ناھايىتى ياخشى مەسەل ئېيتىپ بەردىلە ۋە ئورۇنلۇق خۇلاسە قىلدىلا تاغا، — دىدى قادىر، — سىلىگە كۆپ رەھمەت! ئۆزۈن ئۆمۈر كۆرگەيلا!

— سىلىدىن ئۆگىنىمىز، — دىدى ئوقۇغۇچىلار.

— ياقەي، — دىدى چاساقال كىشى، — رەھمەت ئېيتىش ھاجەتسىز، بۇ ئۆز ئىشىمىز ئەمەسمۇ ئۇكىلىرىم. ئەمدى ئۆگىنىش ئىشىغا كەلسەك، ھەممىمىزگە ئورتاق بولىدۇ.

ئىشقا چۈشۈش ۋاقتى بولۇپ قالغان ئىدى. كۆپچىلىك ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. قادىر ئۇلارغا:

— بولسا ھەر قايسىلىرى بىلەن بىللە بولسام ياخشى بولاتتى، بىراق دادۇيدە يەنە بىرنەچچە پىشقەدەملەر بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئېچىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ئىكەنمىز. ئەگەر رۇخسەت قىلىشسىلا مەن بارسام...

كۆپچىلىك بىر ئېغىزدىن رازىلىق بىلدۈرۈشتى:

— بارسىلا، كېچىكمەي بارسىلا!

— ساۋاقداشلار، سىلەرمۇ بۈگۈن بالدۇرراق قايتارسىلەر، كەچقۇرۇن دادۇينىڭ ئىشتىن سىرتقى سەنئەتچىلىرى بىلەن

بىرلىكتە ئومۇمى ئويۇن قىلماقچىمىز.

— ماقۇل، مۇئەللىم.

— ئەمىسە مەن كەتتىم.

— خەير، خوش!

قادىر چوڭ يولغا چۈشۈپ، چاپسان - چاپسان قەدەم تاشلاپ يۈرۈپ كەتتى، بۇ چاغدا يولنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى بوستانلىقلاردا ھەر خىل قۇشلار خوش ناۋا قىلماقتا ئىدى.



# ئون بىرىنچى باپ

بۈگۈن ئەتىگەندە مەكتەپ رادىيو پونكىتى مەكتەپ مەمۇرىيىتىنىڭ: «بارلىق ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر دەرستىن كېيىن ئىشخانا بىناسىنىڭ ئالدىدىكى شىپاڭدا "ئالاھىدە دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىلارنى تاللاش مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ داۋامى بولىدۇ، ۋاقتىدا كېلىپ قاتنىشىشىڭىزلارنى ئۇقتۇرىمىز» — دېگەن ئېلانىنى ئاڭلاتتى.

كۈن پېتىش مەزگىلىدە ئالتىنچى سائەتلىك دەرس ئاخىرلاشتى. ئەتراپى تال بارىڭى بىلەن چۆمكەلگەن، ھاۋارەڭ رىشاتكىلىق ئازادە شىپاڭغا ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىر - بىرلەپ يىغىلىشقا باشلىدى. شىپاڭغا بىرىنچى بولۇپ كىرگەن كىرىمنىڭ روھىي - كەيپىياتىدىن قانداقتۇر بىر خىل مەغرۇرلۇق چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ بولۇپ، ئەتراپتىكىلەرگە بىر خىل ياسالما مۇلايىملىق بىلەن قاراپ چىقتى. بىر ھازادىن كېيىن ئىچىدە: "مانا بىر پارچە ئەرز - شىكايەت بىلەن قادىرنىڭ ئىشىنى باشقىدىن مۇھاكىمىگە قويۇشقا مەجبۇر قىلدىم. پىشقان ئىش خېمىغا ياندى دېگەن شۇ. مۇشۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش ئارقىغا يانسا ياندۇكى، ھەرگىز ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەيدۇ. مەقسىدىمگە يېتىدىغان بولدۇمدە" — دېگەن ئويىنى كەچۈرۈپ بولۇپ ئىختىيارسىز كۈلۈپ قويدى. كېيىن يانچۇقىدىن خاتىرە دەپتىرى بىلەن قەلىمىنى ئېلىپ بىر نىمىلەرنى يېزىشقا باشلىدى. باشقىلار

www.uyghurkitap.com

بولسا، ئىككى - ئۈچتىن بولۇپ، باشلىرىنى بىر يەرگە قىلىشىپ ئىختىيارى پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشكەن ئىدى.

مەكتەپ مۇدىرى سادىق ئەپەندى يىغىن باشقۇرۇش شىرەسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ھەممەيلەننى بىر قۇر كوزدىن كوچۈرۈپ چىقتى. يىغىنغا بىرلا توختىدىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ بولۇشقان ئىدى.

— يولداشلار! — دەپ يىغىننىڭ باشلانغانلىقىدىن بىشارەت بەردى سادىق ئەپەندى، — بۈگۈن بىز يەنىلا "ئالاھىدە دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى" لارنى تاللاش مۇھاكىمە يىغىنىنى داۋاملاشتۇرماقچىمىز....

كىچىك سوھبەتلەر، پاراڭلار جىمىقىپ ھەممەيلەن سادىق ئەپەندىنىڭ ئاغزىغا تىكىلدى. دەل شۇ چاغدا شىپاڭنىڭ يان تەرىپىدىكى ئىشىكتىن توختى كىرىپ كەلدى. ئۇ، ئىزدىلەڭگۈ، روھسىز ئىدى، پۈتۈن ئەزايىدىن بىرخىل پەرىشانلىق، خاپىچىلىق يېغىپ تۇراتتى. ئۇ كىرىمنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا، كىرىم ئۇنىڭ پېشىدىن تارتىپ يېنىدىن ئورۇن كورسەتتى. لېكىن كۈتمىگەندە، توختى سوغاق ۋە غەزەپ بىلەن كىرىمگە ئالىيىپ قويۇپ ئارقا تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. كىرىم بولسا، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كوزلىرىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ ئالايغىنىچە قاراپ قالدى.

سادىق ئەپەندى بىردەمگىنە توختىتالغان سوزىنى يەنە سالماق ھالدا داۋاملاشتۇردى:

— ئۆتكەنكى بىرقانچە قېتىملىق يىغىنلاردا كوپچىلىك قايتا - قايتا مۇھاكىمە قىلىپ، ئوزئارا سېلىشتۇرۇپ، تەبىي پەنلەر ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسىدىن ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى، يولداش ساتارنى، ئىجتىمائى پەنلەر ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسىدىن تىل - ئەدە



بىيات ئوقۇتقۇچىسى يولداش قادىرنى كورسەتكەن ئىدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، قادىرغا نىسبەتەن بەزىلەرنىڭ پىكرى باردەك تۇرىدۇ. بۈگۈن بۇ ھەقتە يەنە قايتىدىن مۇھاكىمە قىلىپ باقساق دېمەكچىمەن.

— قادىرغا قارىتا پىكرى بارلار كوپچىلىكنىڭ ئالدىدا، يىغىندا، ئوچۇق - ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەكتە. يىغىندا جىم، ئارقىدىن غۇت - غۇت قىلسا ياخشى بولمايدۇ، — دېدى ئالدىنقى رەتتە ئولتۇرغان بىر پىشقەدەم ئوقۇتقۇچى.

— ئېنىقىنى ئېيتقاندا، — دېدى ئالىم ئاكا سوز ئېلىپ، — بۇ يەردە ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان پىكىرلەر ئۆتكەندە قادىر توغرىسىدا ئىشخانا بىناسىنىڭ كارىدور تېمىغا چاپلانغان چوڭ خەتلىك گېزىتكە تاقىلىۋاتىدۇ.

— ئۇنداق بولسا، شۇ ھەقتىكى مەكتەپنىڭ تەكشۈرۈش ئەھۋالى ۋە خۇلاسىسى قانداق بولغان، شۇنىمۇ ئاڭلاپ باقايلى، — دېدى يەنە بىر ئوقۇتقۇچى.

— تەكشۈرۈش نەتىجىسى — ئۇنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئەشۇ "ئوغرى چوڭ خەتلىك گېزىت" تىن باشقا ھېچقانداق ئاساسنىڭ يوقلۇقىنى كورسەتتى، — دېدى ئالىم ئاكا.

كوپچىلىك پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى.

— توغرا ئېيتتىڭىز، — دېدى يەنە بىر ئوقۇتقۇچى، — ئۇ ھەقىقەتەن سېپى ئوزىدىن "ئوغرى چوڭ خەتلىك گېزىت"، ئەگەر ئۇ ئوغرى بولمىسا ئاپتورلىرى ئېنىق بولاتتى - دە! ئۇنى چاپلىغۇچىلار ئەگەر راستىنلا ۋىجدانلىق، توغرا ئادەملەر بولۇپ، باشقىلارغا سەممىي ياردەم بېرىشنى نىيەت قىلغان بولسا، ئوچۇق - ئاشكارا مەيدانغا چىقىشى كېرەك ئىدى.

بۇ چاغدا كىرىم بىر تاتىرىپ، بىر قىزىرىپ، ئولتۇرالماي

قىسىرلاشقا باشلىدى. ھە دېگەندە ئۇ گېلىنى قىرىپ، تۈپرۈگىنى يۇتاتتى.

توختى بولسا، قانداقتۇر بىر خىيال ئىچىدە، خاراموش ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى گويا ھىلىلا ئېتىلىپ كېتىدىغاندەك تىت-تىت بولاتتى.

— مېنىڭچە، — دېدى ئارقا تەرەپتىن بىر ئوقۇتقۇچى، — قادىر "ئالاھىدە ئوقۇتقۇچى" لىق سالاھىيىتىگە دەل توغرا كېلىدۇ. يەنىلا ئۇنى مۇقىملاشتۇرۇش كېرەك.

— ئۇنداقتا، — دېدى كېرىم خۇددى توك سوقۇۋەتكەندەك چوچۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ، — گېزىتنى يوققا چىقىرىمىزمۇ؟

— ئوغرى گېزىتنى دېمەكچىمۇ سىز؟

شىپاڭنى ئۇزۇنغا سوزۇلغان قاتتىق كۈلكە ساداسى قاپلىۋالدى.

— ئوغرىمۇ، توغرىمۇ، ئالدىراپ بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ. ئۇنى تارىخ ئىسپاتلايدۇ، — دېدى كېرىم غودۇڭشۇپ.

— تارىخ ئاللىقاچان ئىسپاتلىدىغۇ؟ ئۇنىڭ "ئوغرى..." بولغانلىقىنىڭ ئۆزىلا تارىخنىڭ لەنەت-نەپرىتىگە ئۇچرىغانلىقىنى كۆرسەتمەمدۇ؟! — دەپ رەددىيە بەردى ئالىم ئاكا.

— دېمەك، شۇ شەنبە كەچتە قادىرنىڭ ياتىقىغا ھېچكىشى چىقمىغانمۇ؟

ئالىم ئاكا سۆزلەشكە تەمشىلىۋىدى، ئۇنىڭغىچە بىر ئوقۇتقۇچى:

— توۋا!... — دېگىنىچە سۆز ئالدى، — بەزىلەر ئاغزىدا ھەر قېتىم گەپ قىلغاندا مىڭ قېتىم "ۋىجدان". "ۋىجدان!" — دەپ ۋاقىرىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئادەم يىرگەنگىدەك پەسكەش ئىشلارنى قىلىدۇ. مەن دەپ باقاي، شۇ شەنبە



بەك كەچقۇرۇنمۇ ئەمەس، نامازدىگەر ۋاقتىدا قادىرنىڭ ياتىقىغا ھاممىسى تاماق ئېلىپ چىققان ئىكەن. ئۇنىڭ داستىخىنىغا مەنمۇ داخىل بولغان ئىدىم. ۋىجدانسىز كىشىلەر ئۆزلىرىچە مۇشۇ پۇرسەتنى قادىرغا زەربە بېرىشنىڭ ياخشى ئىسپاتى بولىدۇ، دەپ قارىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ۋىجدانسىز ئادەم ئەقەللىي كىشىلەردە بولۇشقا تېگىشلىك شەمە-ھايانىمۇ بىلمەيدۇ-دە! كىشىنىڭ تۇتقىنى كىشىنى يوقلاپ چىقماسلىقى كېرەك ئىكەندە!

— قانداق كېرىماخۇن؟ مانا چىققان كىشى كىمكەن؟ ئانىسىنىڭ سىڭلىسى، جان-جىگەر ھاممىسى! شەخسىي ئۆچمەنلىكنى دەپ، كىشىگە قارا چاپلاش ۋىجدانسىزلىق ئەمەسمۇ؟

— يولداشلار، — دېدى سادىق ئەپەندى، — ھەممىمىز سوغاق قانلىق بىلەن پاكىت سۆزلەيلى. بىرسى، زادى گېزىتنى مۇقىملاشتۇرىمىزمۇ ياكى ئىنكار قىلىمىزمۇ؟ بۇنىڭدىكى ئاساسلىرىمىز نېمە؟ يەنە بىرسى شەخسىگە باھا بېرىشتە زادى نېمىنى ئۆلچەم قىلىمىز؟ بىر كىشى مۇشۇنداق مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە قانداق پوزىتسىيىدە بولۇشىمىز كېرەك؟ بۇ تەرەپلەرگە ئىنچىكىلىك بىلەن تەپسىلىي قاراپ چىقماي بولمايدۇ. ئەڭ ياخشىسى شۇ "چوڭ خەتلىك گېزىت" نى يازغان كىشىلەر ئوتتۇرىغا ئاشكارا چىققىنىدا مەسىلىنى ھەل قىلىش ئاسانغا چۈشەتتى. ھەيرانمەن ... ئەگەر ئۇلار ھەقىقەتەن پاكىتقا ئىگە بولىدىغان بولسا، ئۆزلىرىنىڭ پاش قىلغىنىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىغان بولسا، نېمىدىن قورقىدۇ؟ قورقماسلىق كېرەكتە! ... ئەگەر قورقىدىكەن، قورقۇشىنىڭ ئۆزىلا بۇ "گېزىت" نىڭ ساختىپەزلىكىنى كۆرسىتىدۇ. قورققان ئىكەن، جىن باردە!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

سادىق ئەپەندى بىر پەس تۇرۇۋالغاندىن كېيىن تېخىمۇ جىددىي تەلەپپۇزدا دېدى:

— بىز تەربىيىچىلەرمىز، تەربىيىچىلەر ۋىجدانلىق كىشىلەر بولۇشى كېرەك. بۇ خەلققە، خەلق ئىشلىرىغا، يولداشلارغا نىسبەتەن سەمىمى، ئادىل، سادىق بولۇشىمىز، ئالا كوڭۇل بولماسلىقىمىز كېرەك دېگەنلىك. كىشىلەرنىڭ بەختسىزلىكىگە ئۇچرىشنى ئۈمىت قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن ھوزۇرلىنىش نامەرت، قارا يۈرەك ئادەملەرنىڭ كەسپى. خەلقىمىزدە: ”بېشىڭغا قىلىچ كەلسىمۇ، توغرا سۆزلە“ دېگەن گەپ بار. لايدىن ياسىغان خام كىرزا سۇغا كىرسە ساق چىقمىغاندەك، يالغان سۆزنىڭمۇ بازىرى بولمايدۇ. ھەر ھالدا ساپ دىل بولايلى، قېنى ئەمدى سۆزلەڭلار!

ھەممەيلەننىڭ قەلبىنى بىر خىل چوڭقۇر ھاياجان چۇلغىۋالغان ئىدى. شىپاڭدا چىۋىن ئۇچسا ئاڭلانغۇدەك جىمجىتلىق ھوكۇم سۈردى. يەرنىڭ تېگىدىن ئاڭلىنىۋاتقاندەك پەس بىر ئاۋاز بۇ جىم-جىتلىقنى بۇزۇپ كۆپچىلىكنىڭ دىققەت ئېتىۋارىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى.

— مەن سۆزلەيمەن، — توختى ئاستاغىنا ئورنىدىن تۇردى، — كونىلاردىن قالغان ”دىل ئازارىدىن خۇدا بىزار“ دېگەن بىر ماقال بار. يولداش قادىرنىڭ دىلىغا ئازار بېرىپ، خۇدانى بىزار قىلغۇچى دىل مەن ... يولداشلار دېگەن ”توغرى چوڭ خەتلىك گېزىت“ نى مەن چاپلىغان...

كۆپچىلىك توختىغا تىكىلگەن ئىدى. كېرىمنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى مۇزدەك بىر سوغاق تىترەك بېسىپ، يۈرىكى ”قارت“ ئىتىدە قىلىپ كەتتى. توختى بولسا گېلىغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك، بىردەم جىم بولۇپ قالدى، كېيىن بىردىنلا جانلى-



نىپ، بارمىقى بىلەن كېرىمنى ئىما قىلىپ:

— ئۇنى ماڭا يازدۇرغان ھەم ئوغرىلىقچە چاپلاتقان ئاشۇ كېرىم، — دېدى.

— تۆھمەت قىلما توختى! — دېدى كېرىم ئۆزىنى بېسىۋالالماستىن.

— تۆھمەت قىلىش دېگەن سېنىڭ زاكا خۇيۇڭ، ئەمدى ئانالمايسەن! — توختى غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، ئىچىنى بوشىتىشقا باشلىدى:

— يولداشلار! مەن ئاداشتىم. ”كېرىم ھەسەتخور“ نىڭ ئاشۇ قېرى ساي تۈلكىسىنىڭ دامىغا چۈشۈپ كەتتىم. شۇ تۆھمەت ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان بىرقانچە ئايلار مەن ئۈچۈن تولىمۇ ئازاپلىق ئايلار بولدى. قادىرغا قاراشقا يۈزۈم قالمىدى. سۆزلەشكە تىلىم قىسىلدى. قادىرنى كورسەم يۈرىكىم ئېچىشتى. بۇ ئەخمەقلىقىمغا مىڭ بىر پۇشايمان قىلىمەن، — توختى مىشىلداپ يىغلاشقا باشلىدى.

كېرىم بولسا، بېشىنى تۆۋەن سالغان ھالدا، يۈزىنى داپتەك قىلىپ، قولىدىكى خاتىرە دەپتىرىگە بىر نەرسىلەرنى يازغان بولۇپ ئولتۇراتتى. قانچە ئۇنلىغان غەزەپلىك كۆزلەر ئۇنىڭغا مىقتەك قادالغان ئىدى. ئالىم ئاكا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كېرىمنىڭ ئالدىغا باردى ۋە غەزەپ بىلەن دېدى:

— ۋىجدانسىز! ... ئادەملەر ئارىسىغا چۈشكەن مىتە، ئېبىتىنا! كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلمىساڭ قېتىغىڭ ئىزىيمامدۇ؟ مانا ئەمدى كوردۇڭمۇ؟ ئۇياتمايدىغان شەرمەندە! ھەققەت دېگەننى خالىساڭ ئوڭدا، خالىساڭ دوم قىلىپ ئوينايدىغان سېنىڭ ئويۇنچۇقۇڭ ئەمەس!“ قىتىغىرنىڭ ئىچى زىدە“! — ئۇتۇتكەندە قادىر ئىشخانىدىن تېپىۋالغان خەتنى كېرىمنىڭ كوزى-

گە تەگلەپ تۇرۇپ سورىدى، — ماۋۇ خەت كىمنىڭ؟!

كىرىم ئۇن - تىنسىز يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى.

ئالىم ئاكا يەنە كوپچىلىككە بىر قۇر نەزەر تاشلىۋېتىپ، سوزىنى داۋاملاشتۇردى:

— قېنى يولداشلار، ئەمدى ئاۋاز بېرەيلى! "ئالاھىدە رەجىلىك ئوقۇتقۇچى" بولۇش كىمگە مەنسۇپ؟

— قادىرغا...

بىر نەچچە ئونلىغان ئېغىزلاردىن گويا ھاۋا گۇلدۇرلىگەندەك چىققان بۇ سادا شىپاگىنى تىترىتىپ لەرزىگە كەلتۇردى.

— شۇنداق بولۇشى كېرەك! — دەپ خوشاللىق بىلەن تەستىقلىدى ئالىم ئاكا، — قېنى ھەممىمىز بىر تەبرىكلىۋېتەيلى!

گۇلدۇراس ئالقىش ساداسى پەلەكنى قۇچتى. ھەممەيلەن خۇش تەبەسسۇم ئىلكىدە قادىرغا بېقىشتى. قادىرنىڭ چىرايىدىن كوپچىلىكنىڭ ئوزىگە بولغان ئەقىدىسىدىن چەكسىز شاتلىنىش ئەكس ئېتەتتى. ئۇ كوپچىلىككە قاراپ ھاياجىنىنى باسالماي قالدى... شۇ تاپتا ئانار چۇ؟ ئۇمۇ قادىرنىڭ شەنىدىن پەخىرلىنەتتى. ئۇنىڭغا قارىغانسېرى قارىغۇسى كېلەتتى. ھەتتەنگەي!... مۇمكىن بولغىنىدا قادىرنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ باغرىغا چاپلىشىپ ئەركىلىگۇسى كېلەتتى...



## ئون ئىككىنچى باپ

توي تەييارلىقى...

سادىر ئاكىنىڭ ئائىلىسى ئالدىراش ئىدى. ئاشپەز ئۇستا ھويلىنىڭ ئازادە يېرىگە قازان بېكىتمەكتە. يىگىت بىلەن قىز تەرەپتىن بولۇپ يەتتە - سەككىزچە كىشى سەۋزە قەلەمىلىمەكتە. ئاشخانىدا بىرقانچە ئاياللار قاچا - قۇچا، تەلەڭگىلەرنى يۇيۇپ، رەتلەپ، دەستىلىمەكتە. يەنە بىرنەچچە ئابال مېھمانخانا بىلەن ئايۋاننى ياساپ جابدۇماقتا. ئانار بولسا، مەنزەر ئويدە يېقىن دوستلىرىدىن رەيھان ۋە روشەنلەر بىلەن كوگۇلدۇك چاخچاقلىشىپ ئولتۇراتتى. تىللاخان شەرەندازلىقى بىلەن ئالدىرىماي، ئاستىماي ھەممە ئىشلارنى بىر - بىرلەپ ئورۇنلاشتۇراتتى. ئۇ ھىلى ئاشخانىغا كىرىپ: "خانىلىرىم، قاچا - قۇچىلار ئېلىشمان بولۇپ كەتمىسۇن! لىگەننى لىگەنچە، چىن تەخسىنى چىن تەخسىچە، پىيالىنى پىيالىچە... ھە، ھەممىسىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا جاي - جايىغا قويۇڭلار! داستىخانلارنى چىرايلىق قاتلاپ، تايىنلىق بىر يەرگە ئېلىڭلار! لوڭگىلەر قوزۇقتا ئېسىلسۇن" ... گېپىن ئۇخماپتۇق دىمەڭلار، مەن ئېيتىپ قوياي، توي دىگەن قىيامەت جۇمۇڭلار، ئەتىلىككە مېھمانلار شۇنداق كېلىشكە باشلايدۇكى، ۋاي - ۋۇي!... ئۇ چاغدا ۋالىۋاش بولۇپ كەتسەك تازىمۇ سەتچىلىك بولىدۇ. مەن تىللاخاننى بىلىسىلەرغۇ، بوكەمگىچە كوپلەرنىڭ داستىخىنىغا داخىل بولۇپ، كوپنى كورۇپ، تېگىشلىك ئىززەت - ھورمەتكە سازاۋەر

www.uyghurkitap.com

بولغانمەن. ‹ئەلگە بىر نوۋەت، ئەرگە بىر نوۋەت› دېگەندەك، ماڭمۇ بىر نوۋەت كەلدى. مېھمانلارنى ئېپى - سېپىدا ئۇزاتمىسام، ئۇياتقا قالىمەن" دىسە، ھېلى مېھمانخانىغا كىرىپ: "ئەزىزلىرىم، ئۇينى سەرەمجانلاشتۇرۇشۇڭلار ئوبدان بولۇپتۇ، خېلى دىتىمغا ياقتى. بىرلا ئەيىۋىڭلار ماۋۇ نىمەكەش كورپىنى نىمە دەپ بۇ يەرگە سېلىپ قويدۇڭلار، دەرھال يىغىۋېتىڭلار، ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى كورپىدىن بىرنى سېلىڭلار. قېنى، خۇماخان، سىلە ئاۋۇ ئويدىن بىر كوپە ئېلىپ چىقسىلا! يەنە، ئاۋۇ مەرەپ ياپقۇچنى تۈز تارتىڭلار. ‹ئاناڭنى داداڭغا پەدازسىز كورسەتمە› دىگەن نەقىلنى ئاڭلىغان بولغىيدىڭلار؟ بۇ تويدە!..." ئاندىن ئۇ مەنزەر ئويگە چىقىپ: ‹قېنى ئانار، دوستىلىرىڭغا چاي بەردىڭمۇ - قانداق؟ بۇلارنىڭ سوزلىرىگە مەغۇل بولۇپ ئولتۇرغىنىڭنى قارا سېنىڭ؟! بۇ شەيتانلارغا قاراپ ئولتۇرساڭ، ئون كۈندىمۇ گەپى تۈگىمەيدۇ. قوپقىن، چاي ئېلىپ كەل. ھە، رەيھان، سەن ئېرىڭ بىلەن قانداقراق؟ كوڭلىڭ سۇ ئىچىۋاتامدۇ؟ سېنىڭ ئېرىڭ بارغۇ، ئالتۇندەك يىگىت، سەنچۇ روشەن؟ يەنە ماي تارتىشىپ يۈرەمسىلەر؟ بىرسىڭلار بويىنۇڭلارنى پەسرەك تۇتۇپ تۇرغىنىڭلار ياخشى، ئەمدى ئاخىرقى بىر ئېغىز گەپ، سىلەر مېنىڭ ئانىرىمنىڭ تويىنى ئاسمانغا كوتىرىپ. راسا قىزدىتىمىساڭلار، كېيىن مەندىن ئەدىۋىڭلارنى يەيسلەر جۇمۇ!" — دەيتتى.

— ئوت چىقىرىۋېتىمىز. دىسىلە تىللاخان ئانا، — دەپ جاۋاپ بېرىشتى ئۇلار. ئانار بولسا:

— يائاللا ئانا! ئادەمنى ئىزا تارتقۇزۇپ، گېپىم بار دەپ، ئاغزىڭغا كەلگىنىنى جۆيلىۋېرىدىكەنسەن؟! — دەپ نارازى بولاتتى.



— نومۇسلۇق كەلمىسۇن قىزىم! — دەيتتى تىللاخان، — كىشىگە ئوزىنىڭ مۇرات - مەقسەتلىرى، ئارزۇلىرى يېقىندىن كۈلۈپ قارىغاندا، ئالەم ئۇنىڭغا بەخت ئاتا قىلىپ، سائادەتتىن بىشارەت بەرگەندە، شۇنداق كۆڭلىسى، سوزلىگۈسى، ھە، يەنە ئوزىچە خوشاللىقتىن قانات ياساپ ئۇچقۇسى كېلىدىكەن.

سادىر ئاكا بولسا پۇتىغا خۇرۇم ئوتۇك، ئۇچىسىغا سوكىنو پەلتو، بېشىغا بادام دوپپا كىيگەن ھالدا تويىنى مۇبارەكلەپ يەتتىگە كەلگەنلەرنى قارشى ئېلىش ۋە ئۇزىتىش بىلەن بەنت ئىدى. قارىغاندا كىرىپ - چىقىۋاتقانلارمۇ ناھايىتى كوپ ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دىگىدەك:

— تويىڭغا قوپقۇشۇپلا، مۇبارەك بولسۇن! بىزگىمۇ بىرەر خىزمەت بارمۇ - يوق؟ — دەپ سورىشاتتى. سادىر ئاكا ھەممىگە بىر خىلدا:

— ھەر قايسىلىرىڭنىڭ قەدىمىگە رەھمەت! ئىشلار بىرياقلىق بولدى، خۇدا خالىسا، ئەتە ئەتىگەنرەك داخىل بولۇپ بېرىشەلا، — دەپ جاۋاپ بېرەتتى.

توي!...

ناماز بامداتتىن كېيىن ئېشىكتىن بىرىنچى بولۇپ ئەلنەغمىچىلەر كىرىپ كەلدى. توي - توكۈنىنىڭ جانلاندۇرغۇچىسى بولغان بۇ كىشىلەرنىڭ كىرىشى بىلەنلا، بۇ ئويدىن خوشال توي نەغمىسى ياڭراشقا باشلىدى. داقا - دۇمباق ساداسى كوكنى تىترىتەتتى. نەي ناۋاسى دىلنى مەپتۇن قىلاتتى، راۋاپ - تەمبۇر ئاۋازى سۈزۈك ھاۋادا گاگىدەك جاراڭلاپ يۈرەكنىڭ بېغىشىنى تىترىتەتتى. بۇلارغا تەڭكەش ئوقۇلۇۋاتقان توي ناخشىلىرى كىشىلەرنىڭ قەلبىگە قوغۇشۇندەك ئۆيۈپ قالاتتى. مانا، مېھمانلارنىڭ ئالدى كېلىشكە باشلىدى. ئاۋال مە-

ھەللىنىڭ پىشۋالىرى، ئاندىن سادىر ئاكىنىڭ ئىدارىسىدىكى كەسپداشلىرى، ئوغۇل تەرەپنىڭ ئۇرۇق - تۇققان، مەھەللە - كويلىرى، كېيىن قادىر بىلەن ئانارنىڭ مەكتىۋىنىڭ مەسئۇللىرى، ئوقۇتقۇچىلىرى بولۇپ، كىشىلەر توپ - توپى بىلەن كېلىشتى.

ساھىپخانىلارمۇ ناھايىتى چەبدەس ئىدى. ھەممىسى ئاپتوماتىك ماشىنىغا ئوخشاش تەرتىپلىك ۋە تېز ھەركەت قىلاتتى.

ئالدىن كەلگەنلەر ئۆيگە باشلىناتتى. كېيىن كەلگەنلەر ھويلىغا تىزىلغان قاتار ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇشۇپ ئۆينىڭ بوشۇشىنى كۈتەتتى. مېھمانلار ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرۇپ بولۇشىغا، قولىغا سۇ بېرىدىغانلار ئاپتۇۋۇ - چىلاپچىلىرىنى كوتىرىشىپ ھازىر ۋە نازىر بولاتتى. ئارقىدىنلا دوستىخان سالىدىغانلار داستىخان سېلىپ مەزە ئېلىپ كېلەتتى، چاي قۇياتتى، ئاش تارتاتتى.

سادىر ئاكا ھىلى ئۆيگە كىرىپ مېھمانلارنىڭ دۇئاسىنى ئالاتتى:

— ئىلاھائامىن...ئاللاھۇ ئەكبەر!

ھىلى ئىشىك ئالدىغا چىقىپ يېڭىدىن كەلگۈچىلەرنى قارشى ئالاتتى:

— كېلىشسىلە، قېنى ئۆيگە مەرھەمەت!

ياكى ئۇزاپ چىققۇچىلارنى ئۇزىتاتتى:

— خوش ئەمىسە، مېھمانلار، قاتتىق - قۇرۇق بولۇپ قالغان بولسىمۇ، رازى بولۇشسىلا!

ئۇ، ھەممە كىشىگە ئاجايىپ بىر خۇشخۇيلۇق بىلەن ھۇسلە - تاۋازۇل قىلاتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى بولسا، شاتلىقتىن ئوينايتتى، ئۇنىڭ شاتلىقى — مانا بۈگۈن ئۇزۇندىن بۇيان



ئۇزارتىقىپ كۈتكەن گۈزەل بىر ئارزۇ ئۆز جامالىنى كورسەتمەكتە ئىدى.

توي — چۈشتىن كېيىن راسا ئەۋجىگە كوتىرىلدى. ئەبدى ئايالار كېلىشكە باشلىغان ئىدى. ئىشىكتىن بىرىنچى بولۇپ ئاجايىپ چىرايلىق ياسىنىشقان بىرنەچچە ئايال كىرىپ كەلدى. بۇلار تىللاخاننىڭ ئەڭ يېقىن دىلكەشلىرى ئىدى. تىللاخان ئۇلارنى ھويلىدا قارشى ئېلىپ، ھەممىسى بىلەن مەڭزىنى - مەڭزىگە يېقىشىپ بىر - بىرلەپ كورۇشۇپ چىقتى. ئۇنىڭغىچە بىر نەچچە ئايالار ئۆيدىن چىقىپ مېھمانلارنىڭ قولىرىدىكى دوستىخانلارنى ئېلىشتى - دە، ئۆيگە باشلىدى. ئايالار ئولتۇرۇشۇپ بولغاندىن كېيىن دۇئا قىلىشتى. ئاندىن قايتا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ سالام بىلەن:

— تويىغا مۇبارەك بولسۇن! — دېيىشتى.

تىللاخانمۇ ئۆز نوۋىتىدە ئىككى قولىنى كوكسىگە جۈپلەپ:

— ھەر بىرلىرىنىڭ ياخشى نىيەتلىرىگە رەھمەت! — دەپ جاۋاپ قايتۇردى ۋە ئايالارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

ئايالار جايىغا ئولتۇرۇشتى. قوللارغا سۇ بېرىلىپ، دوستىخان سېلىندى. ئېلىپ كېلىنگەن دوستىخانلار ئۆز ئىگىلىرىنىڭ ئالدىغا قويۇلدى. ئايالار تويىنى مۇبارەكلەپ ئېلىپ كەلگەن نەرسىلىرىنى ئۆز دوستىخانلىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇشتى. سوغا بېرىش ۋە سوغا قوبۇل قىلىش تەنتەنىسى ئويىنى جانلاندۇرۇۋەتتى...

— مېنىڭ بىر پەلتولۇغۇم بار ئىكەن.

— رەھمەت!

— مېنىڭ بىر كوينەكلىكىم بار ئىكەن.

— كېلىۋەرمەي، كايىپ.

www.uyghurkitap.com

— مېنىڭ بىر يوتقانلىقىم بار ئىكەن.

— بۇمۇ لازىم ئەمەستى.

.........................

بۇ تەنتەنە شۇ تەرىقىدە بىرئاز داۋام قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئىشقا مەسئۇل بولغان ئايال ھەر بىر مېھمان ئېلىپ كەلگەن سوغىلارنى "ھەشقاللا" دەپ تۇرۇپ، بىر-بىرلەپ يىغىۋالدى ۋە كەينىدىن داستىخانلىرىنىمۇ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئاندىن ئاياللار يەنە ئۆز ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ:

— شۇنداق ئادىللا كېلىپ قالدۇق، ئۆزلىرىنىڭ لايىقىدا بولماي قالدى، — دېيىشتى ئاياللار ۋە قوللىرىنى كۆكسىگە جۈپلەپ توي ئىگىسىگە سالام بېرىشتى.

تىللاخاننىڭ چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ تۇرغان ھالدا:

— ھەر بىرلىرىنى تەزگۈندۈرۈپ قويۇپتىمەن، ھەشقاللا! قېنى ئولتۇرۇشسىلا! — دەپ تولىمۇ نەپىس بىر خىل تازىم بىلەن مىننەتدارلىق بىلدۈردى. ئاياللار يەنە ئورۇنلىرىغا ئولتۇرۇشتى.

نوۋىتىدە مەززە قويۇلۇپ چاي بېرىلدى. چايدىن كېيىن نەشائاللا، ئاندىن قورداق، ئاخىرىدا پولۇ تارتىلدى.

ۋاقىت بۇ ئائىلىگە خۇشاللىق ۋە شان-شەرەپ ئاتا قىلىپ چاپسان ئۆتمەكتە ئىدى. مېھمانلار بولسا زەنجىرگە ئوخشاش كەينى-كەينىدىن ئۇلىشىپ ئەدەپ بىلەن كەلمەكتە ئىدى. ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى دېڭىزدەك لىققىدە ئاياللار بىلەن توشۇپ كەتكەن بولۇپ، پۈت سىغدۇرغىدەكمۇ ئورۇن يوق ئىدى.

ناماز پېشىندىن ھالقىغاندا كۈيوغۇلنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ يەڭگىلەر كېلىشتى. كۈيوغۇلنىڭ بېشىدا ئاجايىپ چىۋەر قولدا تىكىلگەن تور بادام دوپپا، ئۈستىدە سارجا پەلتو، ئە-



چىدە ماشىرەڭ سارجىدىن كاستيۇم-بۇرۇلكا بار ئىدى. پۇتىدىكى "يالت-يۇلت" قىلىپ تۇرغان قىزىل خۇرۇم بەتىنكىسى بىلەن ئۇچىسىدىكى ئاق پاكىز كۆينىكىنىڭ كەشتىلىك ياقىسى، — ئۇنىڭ قامىتىنى تېخىمۇ ھۆسنلەشتۈرۈپ تۇراتتى. يەڭگىلەر ھويلىغا كىرگەندە تويغا جەم بولغان قىزلار، ئاياللار كۈيوغۇلنى كۆرۈش ئۈچۈن ئىشىك-دەرىزىلەردىن بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ مارىشىشقا باشلىدى. ھەتتا بىر توپ ئۆسمۈرلەرمۇ بۇ خۇشال مەرىكە ئۈستىدە شوخلۇق بىلەن ئۈزۈپ يۈرۈشەتتى.

بىر قىز كۈيوغۇلنى كۆرگىنىدە ھاياجىنىنى باسالماي قالدى!..

— پاھ، ئانارنىڭ تازىمۇ بەختى كەپتىغۇ؟! ئېرىنىڭ بارمۇ دېسە بار، دەپ ماختانغۇچىلىكى بار ئىكەن، تاللىغانغا، ئۆزى تاپقانغا لايىق ئىكەن.

يەنە بىر ئايال كۈيوغۇلنى كۆرۈپ ئاغزى-ئاغزىغا تەگمىگەن ھالدا تەرىپلەشكە باشلىدى:

— ۋاي ئانام! قاراڭلار، ئۇنىڭ بوي-قەددىنىڭ كېلىشكەنلىكىنى! "خىلى-خىلىغا، گۈلى-گۈلگە" دېگەن شۇدە!..

يەنە بىر ئايال تىللاخاننىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ۋاي خېنىم! كۈيوغۇللىرىغا يامان كۆزنىڭ ئېچى چۈشمىسۇن؛ قوپسىلا! بىرەيلەندىن يەتتە ساھىلىنى! سەدىقە چىقىرىۋەتسىلە!

كۈيوغۇلغا بولغان تەرىپلەر ئۈزۈلمەي توختىماي داۋام قىلماقتا ئىدى... يەڭگىلەر مېھمانخانىغا كىرىپ ئولتۇرۇشتى. ئارقىدىن كۈيوغۇلنىڭ ئۈرپ-ئادىتى ئۆزىنى ئايۋانغا ئېلىپ چىقتى. بۇ يەردە باشلىرىغا ئۇچىدەك ئاپپاق سەللە يۆگىگەن، سەرۇپا-

تونلار كىيگەن، پەرىشتە سۈپەت، ئاقساقال، مۇلايىم، ئېغىر-بېسىق تەبەتلىك ئاخۇنلار، قىز-ئوغۇل تەرەپنىڭ مويسىپىتلىرى، قادىرنىڭ تاغىسى سەمەت قارى، ئانارنىڭ تاغىسى ياسىن هاجى قاتارلىقلار ئولتۇرۇشاتتى. يىگىتلەر كۈيوغۇلنى ئوتتۇرىغا ئېلىشىپ، ئاخۇنلارنىڭ ئۇدۇلىغا ئولتۇرغۇزۇشتى. قىزنىڭمۇ دوستلىرى ۋە بىر توپ ئاياللار ئاخۇننىڭ پاتىھەسىنى ئاڭلىغۇدەك ئۆينىڭ دالانىغا يېقىنراق تەرىپكە ئېلىپ كېلىشكەن ئىدى.

ئىككى تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا ھەققى-مېھرى مەسىلىسى ئۈستىدە خېلى كۆپ تالاش-تارتىش بولغاندىن كېيىن، ئاخىرى بىرلىككە كېلىندى. ئاندىن ئاخۇنۇم نىكاھنى باشلىدى. ئۇ: "ئەئۇزۇ.." ۋە "بىسمىللا" نى نەپەس ئاھاڭى بىلەن چىرايلىق سوزۇپ ئوقۇدى ۋە دېدى:

— ئۇل خۇدايى زۇل جالالنىڭ ئەمرى-پەرمانى، سەييىدۇل كەۋنەيىن جانابى ھەزرىتى مۇھەممەت مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شەرئى-شەرىپلىرى، ئۇشبۇ مەجلىستە ئولتۇرغان مومىنانى سادىق ۋە مۇسۇلمانى كامىللارنىڭ گۇۋاللىغى بىلەن سادىر ئاخۇننىڭ سۇلبىيە قىزى ئانارخاننىڭ مېھرى كابىنىسى رائىجۇل ۋاقتى بەش يۈز يۈەنگە تەيىن تاپتى. بۇ پۇللارنىڭ بەزىسى "مۇئەججەل" ۋە بەزىسى "مۇۋەججەل" دۇر. سىلىكىم ياسىن هاجى ئۇشبۇ ھەقلەرگە رازى بولۇپ، سادىر ئاخۇننىڭ سۇلبىيە قىزى ئانارخاننى سادىر ئاخۇنغا ۋاكالەتلىك قىلىپ، تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ ئوغلى قادىر ئاخۇنغا ئىككى دۇنيا ھالال جۈپتۈلۈق ۋە بىنىيىتى پەرزەندى سالى ئۈچۈن خوتۇنلۇققا بەردىلىمۇ؟

— بەردىم، — دەپ ئۈنلۈك ئېيتتى ياسىن هاجى.

— سىز كىم، — دېدى ئاخۇن يەنە، — تۇرسۇن ئەپەن-



دى ئوغلى قادىر ئاخۇن سادىر ئاخۇننىڭ سۇلبىيە قىزى ئانارخاننى ئىككى دۇنيا ھالال جۈپتۈلۈق ۋە بىنىيىتى پەرزەنتى سالى ئۈچۈن شەرئى خوتۇنلۇققا قوبۇل قىلدىڭىزمۇ؟

قادىر جىم ئىدى...

— قوبۇل قىلدىڭىزمۇ؟

قادىر يەنە جىم ئىدى...

ئاخۇنۇم "سىز كىم..." دېگەن يەردىن باشلاپ قايتا تەكرارلىدى. ئۈچىنچى سوراشتا جاۋاپ بېرىش بىزنىڭ يىگىتلىرىمىزگە ئادەت بولۇپ قالغان ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ قادىر بىرىنچى قېتىمدىلا "ئالدىم" دەۋېتىشنى ئويلىغان ئىدى. بىراق ئۇزۇن يىللىق ئادەت كۈچى ئۇنى بۇ خىل "قەھرىمانلىق" تىن يالتايتقان ئىدى. مانا، ئەمدى ھەممە تولۇق ئاڭلىغۇدەك قىلىپ:

— قوبۇل قىلدىم، — دېدى. ئاندىن ئاخۇنۇم:

— سىز كىم سادىر ئاخۇن قىزى ئانارخان ئۆزىڭىزنى تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ ئوغلى قادىر ئاخۇنغا ئىككى دۇنيا ھالال جۈپتۈلۈق ۋە بىنىيىتى پەرزەنتى سالى ئۈچۈن خوتۇنلۇققا بېغىشلىدىڭىزمۇ؟!

جىمجىتلىق...

— بېغىشلىدىڭىزمۇ؟

يەنە جىمجىتلىق...

ئاخىرى "سىز كىم" دېگەن يەردىن باشلاپ قايتا تەكرارلاندى. ئىچكىرىدىن:

— "بېغىشلىدىم" دېدى — دېگەن جاۋاپ ئاڭلاندى.

— ئۆز لەۋزى بولمىسا بولمايدۇ، قېنى ھەر بىرلىرى ئاڭلاپ چىقىشسىلا! — دېدى ئاخۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ۋەكىللەر، يەنە بىر كىشى قىزنىڭ قېشىغا كىرىپ چىققاندىن كېيىن گۇۋالىق ئېيتىشتى:

— بېغىشلىدىم، دەيدۇ.

— ئۆز لەۋزى بىلەن ھە!

— ئۆز لەۋزى بىلەن.

ئاخۇنۇم "ئەلھەمدۇلىللا..." بىلەن نىكاھنى تۈگەتتى ۋە قادىر بىلەن ئانارنىڭ ھەققىلىرىگە دۇئا قىلدى. ھەممە دۇئاغا قول كۆتەردى. كېيىن يىگىت بىلەن قىزنىڭ مېھرىنى باغلاش ئۈچۈن بىر شوختىن تۇزغا چىلانغان نان يېگۈزۈشتى. ئاندىن مېھمانخانىدىن يىگىتلەرنىڭ تەكشى، جاراڭلىق ئاۋازى ئاڭلاندى:

— مۇبارەك بولسۇن!

قىزلار تەرەپتىنمۇ شۇ ئاۋاز ياڭرىدى:

— مۇبارەك بولسۇن!

ئاندىن كۈيئوغۇلنى مېھمانخانىغا باشلاپ كىرىشتى، ئۇلاپىلا يىگىتلەرنىڭ قوللىرىغا سۇ بېرىلىپ، دوستىخان سېلىنىپ، غىزا تارتىلدى. غىزادىن كېيىن بىر مەيدان كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇش بولدى.

نەغمىچىلەر قايناپ نەغمە چالاتتى. زوق بىلەن ناخشا ئېيتاتتى.

ئوردەك بىلەن كەردەكنىڭ،
سۇ چېچىشقىنى خوپتۇر.
ئاشىق بىلەن مەشۇقنىڭ،
كۆز بېقىشقىنى خوپتۇر.
..........................

يىگىتلەر بىر - بىرىگە بېيت ئېيتىشىپ چاي تۇتىشاتتى. ئۇ-



سۇئال ئوينىشاتتى، چاخچاق قىلىشاتتى. چاخچاقنىڭ كۆپرەكى قادىرغا قارىتىلىپ كېتىۋاتاتتى.

قىزلار تەرەپتىمۇ كۈلكە - چاخچاق راسا ئەۋجىگە چىققان ئىدى. بۇ يەرگە يىگىرمىدىن كۆپرەك قىزلار يىغىلغان بولۇپ، بۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ نەپىس كىيىملىرىنى كىيىشىپ، ئالبەتتە ياسىنىشىپ خۇددى رىۋايەتلەردىكى پەرىزاتلارغا ئوخشاپ قالغان ئىدى. مۇبادا، شۇ ھالدا بىرەر ئەركەك بۇ ئۆيگە كىرىپ قالغىدەك بولسا، ئاشۇ "پەرىزاتلار" نىڭ ئەسىرى بولۇپ، قايسىبىرىنى تاللاپ كۆڭۈل بېرىشنى بىلەلمەي، ئىشق سەۋداسىغا مۇپتىلا بولغان بولار ئىدى.

بىرقانچە شوخ قىزلار دۇتار چېلىپ ناخشا ئېيتماقتا ئىدى:

گۈللەر ئېچىلىپ تۇرسا،
بۇلبۇل سايرىشىپ تۇرسا،
بىرى ئاشىق، بىرى مەشۇق،
بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرسا.
..........................

قالغان قىزلار ئالماش - چالماش بولۇپ ناخشىغا تەڭكەش قىلىپ، ئۇسسۇل ئوينىماقتا ئىدى.

ئانار بولسا بېشىغا زەر باسقان قىزىل ھالىلە ياغلىق چىگىپ، ئۈچىسىغا توپا رەڭ سارجا پەلتۇ، ئىچىگە ئوتقاشتەك ئەتلەس كۆينەك، پۇتىغا ئارا پاشنا ئاق ساپما ئاياق كىيىپ، دوستلىرى ئارىسىدا تارتىنچاقلىق بىلەن ئولتۇراتتى. ئۇ شۇ تاپتا تەسۋىرى سۆز يەتكۈسىز ئاجايىپ گۈزەللىكى بىلەن قارىغان كىشىنىڭ كۆز يېغىنى يەيتتى. ئەگەر تەسۋىر بېرىشكە توغرا كەل-

سه، خۇددى "جەننەت" نىڭ "ھور - پەرىلەر" نىڭ ئۆزى دەپ ئاتىساقمۇ ئۇستۇن كەتمەيتتى.

ئولتۇرۇش ئاياقلاشقاندا، كۈن پېشتىشقا ئاز قالغان ئىدى. ئەمدى قىز يوتكەش ۋاقتى يېتىپ كەلگەن ئىدى. يىگىتلەر ئوزاپ چىقىشتى. كەينىدىن سادىر ئاكىنىڭ ئوزىتىش دۇئاسى بېرىلدى. كېيىن تىللاخان "ئايرىلىش يىغىسى" يىغلىۋالدى. ئۇندىن كېيىن قىزلار، ئاياللار قىزنى ئېلىپ مېڭىشتى. ئاسما- نو - زېمىننى چاك كەلتۇرگەن "ئاللا - ئاللا" ئاۋازى سۈزۈك ھاۋادا ئەركىن ياڭراپ، شەھەرنىڭ ئۇستىدە ئۇچۇشقا باشلى- دى. قىز يوتكىگۈچىلەر ئىككى گۇلخان ۋە بىر ئار قان توسى- غىنى ئەدەپ ۋە رەسمىيەتلەر بىلەن بېسىپ ئوتۇپ، كۆيوغۇل- نىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدى. لېكىن دەرۋازا ئىچىدىن مەھ- كەم تاقىۋېلىنغان ئىدى. ئىشىك تاقىغۇچى يىلىنىدۇرۇپ، يال- ۋەرگۈزۈپ نۇرغۇن ياخشى سوز - ۋەدىلەردىن كېيىن ئوزىگە تې- گىشلىك بولغان توي يالدامىسىنى ئالدى - دە، دەرۋازىنى ئېچىۋەتتى.

قىزنىڭ يولىغا ئالما ئۇرۇغى دۇخاۋىدىن ئۇزۇن پاياندا ز سېلىندى... بۇ چاغدا قۇياش تاقىقا باش قويغان بولۇپ، ئەت- راپنى چوغدەك قىزىل ۋە ئالتۇندەك سېرىق تۇسكە كىرگۈزگەن ئىدى.

- قۇياش ھايال لاشماي يەنە تاغ ئارقىسىغا موكۇپ كورۇنمەي قال- دى. كېچە ئوزىنىڭ قارا پەردىسىنى يەر يۈزىگە يايدى.

كېچە!... ئادەملەر سېنى ھەمىشە دەھشەت ۋە زۇلمەتنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىشىدۇ. بۇلارنىڭ نەزىرىدە سەن پۈتۈنلەي قاراڭغۇسەن!... بۇمۇ يالغان ئەمەستۇ! ئەمما مەن سېنى ياخشى كورىمەن. سېنىڭ قارا پەردىلىرىڭنىڭ ئىچىدە



يەنە تەڭلىك، ئەركىنلىك. مۇھەببەت يالقۇنلىرىنىڭ لاۋۇلداپ تۇرغانلىقىنى سېزىمەن، شۇڭا مەن سېنى بەختلىك كېچە، دەپ مەدھىيەلەيمەن، ھېچبولمىغاندا سەن مانا بۇگۈن مۇشۇ ئىككى ياش ئۇچۇن بەختلىك ئەمەسمۇ؟!

قادىر ئىككى ئاغىنىسى بىلەن ئويگە كىرىپ كەلگەندە، ئويدە ئانار بىلەن ئۇچ يەڭگە بىللە ئولتۇراتتى. ئۇلار ئەدەپ بىلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، كۆيوغۇل ۋە ئۇنىڭ ئاغىنىلىرى- نى كۇتۇۋېلىشتى. ئارىنى ئازغىنە جىمجىتلىق باستى. ئاندىن قادىرنىڭ بىر ئاغىنىسى يەڭگىلەرگە قاراپ چاخچاق ئارىلاش سوز ئاتتى:

— كونىلار "ئىگىلگەن باشنى قىلىچ كەسمەس" دەپتىكەن، مانا ھازىر ھەر بىرلىرىگە قاراپ تازىم بىلەن ئولتۇرۇپتۇق. قېنى، گەپ - سوز بولسا ئاڭلىمايلىمۇ؟

ئوتتۇرا ياشلاردىكى بىر ئايال سوز ئالدى:

— كونىلاردا "ئېگىلگەنگە ئېگىل بېشىڭ يەرگە تەككىچە، غادايغانغا غاداي بېشىڭ كوككە يەتكىچە" دېگەن گەپمۇ بار. بىزمۇ ھەربىرلىرىنىڭ رۇخسىتىنى كۇتۇپ ئولتۇرۇپ- تىمىز ...

— ئۇنداق بولسا، ۋاقىت خېلى بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ، ئاشىق - مەشۇقلارغا ئورۇن - كورپە سېلىشمامىلا؟

— ۋىيەي! ... باراڭغا چۇشكەن خام قاپاقنىڭمىچۇ، ئوزىگە چۇشلۇق ھالى بار ئەمەسمۇ؟ ھەر نەرسىنىڭ ئوز يولى، ئوز يارىشىقى بولار؟

— ھە، كېلىننى كېچىچە ساقلاپ ئولتۇرۇشدىكەنلىدە!

— يوقسۇ، بىز كېلىننى ئوز ئېگىسىگە ئىززەت - ھور- مەت بىلەن تاپشۇرغۇچىلار ...

ھەممە كۆلۈشۈپ كەتتى. قادىر بىلەن ئانار يەر تېگىدىن قىيا بېقىشىۋالدى.

— قانداق قىلىمىز؟

— ھەر نەرسىنىڭ يارىشىغى بولىدۇ، دېدىمىغۇ؟!

يىگىت يانچۇقىدىن بىر تۇتام پۇلنى چىقىرىپ ئايالنىڭ ئالدىغا قويدى. ئايال تەتۈر بۇرۇلىۋالدى.

— ئۇنچىۋالا ئەرزان كۆرمىسىلە كىشىنى؟!

— ياش چاغلىرىدا دەرۋەقە سىلىنىڭ ئالدىلىرىدا پۇلنىڭ ئېتىۋارى بولمىسا كېرەك. ئەمدى، ھازىر مۇشۇنىڭغا بويلىشالمۇ؟

بۇ چاقچاقتىن ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى. قادىر بىلەن ئانارمۇ ئۆزلىرىنى تۇختىتىپ ئالالمىدى.

— نېمە دېگەنلىرى؟ بۇنداقتىن ئۇنى بولسىمۇ بويلاشماي-مەن. — دېدى ئايال ئوك بۇرۇلۇپ.

— يائاللا، سىلىنىڭ نەزەرلىرى بەك ئۈستۈن ئوخشايدۇ، خېنىم؟

— ئۈستۈن بولماي، ... ئاسمانچە بار دېسىلە!

— ماقۇل خېنىم! ئاسمانچە بار بولسۇن! ...

كۈلۈشمەك ...

يىگىت يەنە بىر تۇتام پۇلنى قويدى. ئايال يەنە تەتۈر قارىۋالدى. يىگىت يەنە قويدى ... يەنە قويدى. ئاندىن:

— خوش، ئەمدى دۇئا قىلىشسىلا! — دېدى.

ئايال ئوك بۇرۇلۇپ ھەمراھلىرىغا قارىدى. ھەمراھلىرى باش لىڭشىتىپ تەستىقلاش ئىشارىسىنى بىلدۈردى. ئايال دۇئاغا قول كۆتەردى، ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ئەگەشتى:

— ئامىن! ... ئىككى دۇنيا ھالال جۈپتۈلۈق ۋە بىنىيتى پەرزەندى سالى ئۈچۈن ... ئاللاھۇ ئەكبەر! ...



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

كېچە، ئاسمان قاش تېشىدەك سۈزۈك، سان - ساناقسىز مەرۋايىتلار كۆزنى چاقنىتىدۇ، ئوغاقتەك ئاي لەرزان ئۈزۈپ يۈرىدۇ، ئۇ ئاپپاق سۈتتەك سېھرىي نۇرلىرى بىلەن قادىرلارنىڭ دەرىزىلىرىدىن مارايدۇ. ئۇلارنىڭ تەنلىرىنى سىلاپ - سىيلاپ ئەركىلىتىدۇ ...

ئانار قادىردىن سورايدۇ:

— مەن نېمىڭىز مەن؟

قادىر كۈلۈپ كېتىپ بىر جاھان مۇھەببەت ئاتىشى يېنىپ تۇرغان كۆزى بىلەن ئاينى ئىشارەت قىلىدۇ ۋە ئاناردىن سورايدۇ:

— مەنچۇ؟

ئانار نازلىق بېقىش بىلەن جاۋاب بېرىدۇ:

— ئەنە شۇ ئايىڭىز ئۈزۈپ يۈرگەن ئاسمىنىم ...

لەۋلەر جۈپلىشىدۇ ...

# ئون ئۈچىنچى باپ

كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئانار دەرس تەييارلاش ئۈچۈن شېرەنىڭ ئالدىغا كەلدى. قادىر قولىغا "ئوقۇتقۇچى" دېگەن رومانىنى ئېلىپ، ياستۇققا جەينەكلىگىنىچە ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇ، توققۇز، ئون بەتچە ئوقۇغاندىن كېيىن، نىمىشكىدۇر كى- تاپنى قويۇپ قويدى ـ دە، خىيالغا كەتتى ...

ئۇنىڭ ئالدىدىن نەچچە ئونلىغان ئوقۇغۇچىلىرى ئوتۇشكە باشلىدى: مانا، بىر ئوقۇغۇچىسى ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن ئۇ- نىڭغا دوكلات قىلماقتا: "قەدىرلىك ئۇستازىم، مەن سىلىدىن تورت يۈزيول يىراقلىقتىكى كىچىك بىر تاغلىق يېزىدا ئوقۇت- قۇچىلىق قىلماقتىمەن. گەرچە بۇ يەر — بىر خىلۋەت، چەتتى- كى سەھرا بولسىمۇ، مەن ئۈچۈن 'جەننەت' تەك بىلىنىدۇ. مۇرىلىرىنى مۇرىگە تىرەپ تۇرغان قاتمۇ ـ قات تاغلار ئاسمانغا تاقىشىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستى ۋە قاپتاللىرى غۇچچىدە ئور- مان ھەم ئوت ـ چۆپلەر بىلەن يېپىلغان بولۇپ، يىراقتىن قا- رىغاندا قىزىل ـ سېرىق، ئاق ـ يېشىل ... رەڭلەر گىرەلىشىپ كەتكەن ئوتقاشتەك رەڭدار گىلەمنى ئەسلىتىدۇ. بىپايان، مۇن- بەت تېرىلغۇ يەرلىرىگە بۇغداي، قوناق، شال، قوغۇن ـ تاۋۇز- لار ... تېرىلىدۇ. بۇ زىرائەتلەردىن بۇ چەت يېزا تورت پەسىل- نىڭ ھەممىسىدە ساخاۋەت ۋە بەركەت بىلەن تولۇپ تۇرى- دۇ. ئۇستازىم! بۇ يەرنىڭ سۈيىنى دىمەمسىز؟ ئەنە شۇ تاغلار-



دىكى چەشمە بۇلاقلاردىن ئېتىلىپ چىققان كوك لەھىلدەك سۇلار مەھەللىلەردىكى كىچىك ئېرىقلاردا يىل بويى توختىماي ئېقىپ تۇرىدۇ. ئادەملىرىنى دىمەمسىز؟ ساددا، ئاق كوڭۇل، ئىشچان ... ئۇستازىم! بىز ئوقۇش پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە مىڭىش ئالدىدا ئوزلىرى: 'ساۋاقداشلار! سىلەر ھەر قايسى جايلارغا بارغاندا، خىزمەت تەقسىماتىغا بوي سۇنۇڭلار. شەرت ـ شارا- ئىت سورۇشتۇرمەڭلار. ئەڭ يىراق، ئەڭ ئارقىدا قالغان جايلار- غا بېرىشقا ئىرادە باغلاڭلار! ۋەتەن بىزنىڭ سويۇملۇك ئانىمىز. ئۇنىڭ ھەممە يېرى بىز ئۈچۈن قەدىرلىك، ئانىمىز ئۈچۈن ئىشلەش بىزنىڭ مۇقەددەس بۇرچىمىز' دېگەن ئىدىلىڭىز؟ بۇ سوزلىرى قۇلىقىمىزدا ھېلىمۇ ھەم شۇ پېتىچە تۇرۇپتۇ ... خۇدا ماڭا يەر يۈزىنىڭ بۇ گۈزەل گۈلىستانىنى ئاتا قىپتۇ. تاغ ئۇلىرىغا ئوخشايدىغان بەختىيار بالىلار بىلەن ئىناق ئوتمەك- تىمەن، ھەر قاچان ئوزلىرىنىڭ ئۈمىت قىلغانلىرىدەك بىر ياخ- شى ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ قېلىش مېنىڭ زور بەختىم ..."

مانا، يەنە بىر ئوقۇغۇچىسىدىن كەلگەن، بۇگۈنلا تاپشۇرۇ- ۋالغان بىر خەت ئالدىدا گەۋدىلىنىپ تۇرماقتا: "ئۇستازىم! مەن ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتىمەن، قوشۇمچە ئىتتىپاق خىزمىتىگە مەسئۇل: سىلە ھەمىشەم بىزگە: 'ئوگىنىڭلار، كىشى بىلگەندىلا قۇدرەتلىك بولىدۇ ...' دەيتى- لە. مەن شۇ چاغدا بۇ سوزلىرىگە چىندىن قايىل بولۇپ، ئو- گىنىشكە كۈچ سەرپ قىلاتتىم. مانا ئەمدى 'خىزمەت جەريانىدا، شۇنىڭ پايدىسى بىلەن خىزمىتىم ئاسانلاشماقتا. ئۇستازىم، ئا- رىدىن بىرنەچچە يىللار ئوتۇپ كېتىپتۇ. بۈگۈن كەچتە ئوگ- نىش قىلىۋېتىپ، سىلىنىڭ شۇ بىر جۈملە سوزلىرى ئېسىمگە چۈشۈپ سىلىنى سېغىنىپ قالدىم."

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

مانا يەنە بىر مۇنچە ئوقۇغۇچىلىرى ئوخشىمىغان خىزمەت ئورۇنلىرىدا، ئوخشىمىغان خىزمەت نەتىجىلىرى، ئوخشىمىغان ھېسسىيات، ئارزۇ ـ تەلەپلىرى بىلەن كۆز ئالدىدا گەۋدىلىنەتتى...

ئىشىك ئەدەپ بىلەن چېكىلدى. قادىر خىيالدىن ئۆزىنى يىغىپ بولغىنىچە ئانار جاۋاپ بېرىپ:

— كىرىڭ! — دېدى.

ئىشىك ئېچىلىپ، سادىق ئەپەندى بىلەن ئالىم ئاكا كىردى:

— سالام!

قادىر بىلەن ئانار خۇشاللىق بىلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى:

— كېلىڭلار!

ئانار كارىۋات ئۈستىگە كۆرپە سالدى. قادىر تەكلىپ بەردى:

— قېنى، يۇقۇرىغا — كۆرپىگە!

ئىككىلەن تەكلىپ قىلىنغان ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى ۋە سورىدى:

— سالامەتمۇ سىلەر؟

— مۇشۇنىچىلىك، ... — دېدى قادىر ۋە ياندۇرۇپ سورىدى:

— ھەربىرلىرىچۇ؟

— قەدىر ئەھۋال ...

ئاردا بىرمىنۇتچە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ئاندىن سادىق ئەپەندى سۆز ئالدى:

— ھە، ئانار، سىز نېمە ئىش قىلىپ ئولتۇرغانتىڭىز؟

— دەرس تەييارلاپ مۇدىر ...

— ناھايىتى ياخشى ... ھە، سىز قادىر، رومان ئوقۇۋاتقان ئوخشىماسىز؟

— ھەئە.



سادىق ئەپەندى روماننى قولىغا ئالدى، ئالىم ئاكا سۆز قىستۇردى:

— خېلى ياخشى يېزىلغان ـ ھە؟

— شۇنداق، ئالاھىدە بەدىئى ماھارەت بىلەن، — دېدى قادىر.

بۇلار پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى، ئانار چەبدەسلىك بىلەن داستىخان تەييارلاپ بولۇپ قادىرغا ئىشارەت قىلدى. قادىر ئورنىدىن تۇرۇپ قولىغا سۇ ئېلىپ كەلدى.

— بولدى، ئاۋارە بولماي ئولتۇرۇۋېرىڭلار! — دېدى ئالىم ئاكا.

— ھېلىمۇ ئولتۇرۇۋېرىمىز، قېنى قول چايقاشسىلا، بىر پىيالىدىن چاي ئوتلايلى!

دوستىخان سېلىندى. سادىق ئەپەندى پىيالىدىكى چاينى ئوتلاپ قويۇپ، دېدى:

— قېنى، ئانار، ئولتۇرۇڭ!

— ئاران بىر كىرىشسىلە، ئولتۇرسام قانداق بولىدۇ؟ ئازغىنا تاماق قىلاي، — دېدى ئانار گۆش توغراشقا تەرەددۇتلىنىپ.

— ھازىر بىز تاماق ئۈستىدىن كىردۇق، ئاۋارە بولماڭ.

— بىردەمدىلا پىشۇراتتىم.

— بۇ تارتىنىۋاتقانلىقىمىزدىن ئەمەس، زوقىمىز شۇنچىلىك، يەنە بىر مورتى كېلەر، — دېدى ئالىم ئاكا.

ئانار ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ئەمدى قادىر سۆز ئالماقچى بولۇۋېدى، ئاڭغىچە سادىق ئەپەندى ئېغىز ئېچىپ قالدى:

— بىز سىلەرگە ئىككى خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدۇق.

قادىر بىلەن ئانار بىر ـ بىرىگە قارىشىۋالدى.

— راست، بۇ ناھايىتى ئېتىبارلىنىشقا تېگىشلىك بىر خۇش

خەۋەر، — دەپ داۋام قىلدى سادىق ئەپەندى، — سىلەرنىڭمۇ خەۋىرىڭلار بار. "مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى"نىڭ بېشىدا ھەممە مەكتەپلەردە بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كىتاپ، دەرسلىكلىرى ۋە ھەر خىل ماتېرىياللىرى يىغىۋېلىنىپ كۆپلىرى كۆيدۈرۈۋېتىلگەن، بىر بۆلۈگى تالان - تاراج قىلىنغان ئىدى. يەنە بىر مۇنچىلىرى خېلى ۋاقىت ساقلانغان بولۇپ، كېيىن نەگە يولىپ كەتكەنلىكىنىڭ ئىز - دېرىكىنى ئالالماي يۈرگەن ئىدۇق. بىز بۇ قېتىم مەكتەپ قىرائەتخانىسىنى رەتلەشنى ئورۇنلاشتۇردۇق. بۇ يەردىن بىر قىسىم ماتېرىياللار تېپىلىپ قالدى. بۈگۈن ...

سادىق ئەپەندى بىرئاز توختىۋېلىپ داۋام قىلدى:

— قادىر ئۇكا، شۇ قاتاردا دادىڭىزغا تەئەللۇق ئىككى ماتېرىيال تېپىلىپ قالدى. بىرى 1956 - يىلى ئېچىلغان مائارىپ سېپىدىكى ئىلغار ۋەكىللەر يىغىنىدىن بېرىلگەن تەقدىرنامە، يەنە بىرى شۇ يىغىننىڭ خاتىرە مېدالى.

— ئۇ سومكىسىدىن ماتېرىياللارنى ئالدى - دە، قادىرغا سۇندى. قادىر ئىنتايىن ھاياجانلانغان ئىدى. ئۇ، بىرىنچى بولۇپ تەقدىرنامىنى ئاچتى. بۇنىڭغا "ئوقۇتۇش تەتقىقاتى نەمۇنىچىسى ..." دېگەن سۆز يېزىلغان ئىدى. ئۇ، بۇ سۆزنى قايتا - قايتىلاپ ئوقۇيتتى ۋە سۆيۈملۈك دادىسىغا پەخىرلىنەتتى. ئۇ ئانارنىڭمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، "تەقدىرنامە" گە تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى سەزمىدى. شۇ ھالەتتە خېلى بىر ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئىزناكنى كۆرۈشكە باشلىدى. ئىزناكمۇ ئوتقاشتەك پاقىراق بولۇپ، ئوتتۇرىسىغا " مائارىپ سېپىدىكى ئىلغار ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ خاتىرىسى" دېگەن سۆز يېزىلغان ئىدى. ئۇ، بۇنىڭغىمۇ ئۇزاقىچە سىنچىلاپ قاراپ، تەپسىلىي كۆرۈپ چىققاندىن



كېيىن، بېشىنى كۆتۈرۈپ، بىرنەرسە دېمەكچى بولدىيۇ، ئەمما سۆزلىيەلمىدى. تەقدىرنامە بىلەن ئىزناكنى ئانارغا ئۇزاتقىنىچە جىم ئولتۇرۇپ قالدى. سادىق ئەپەندى سۆز ئالدى:

— ئۇكام قادىر، بۇ ھەممىمىز ئۈچۈن قىممەتلىك مىراس، مانا، دادىڭىز ئەنە شۇنداق ئادەم ئىدى، — ئۇ ئالىم ئاكىسىغا قاراپ قويۇپ داۋام قىلدى، — خوش، ئىككىنچى خوش خەۋەرنى يولداش ئالىمدىن ئاڭلاڭلار!

ئالىم ئاكا تەمكىنلىك بىلەن دېدى:

— ئۇكام قادىر، سىز ئۆتكەندە "يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارلىرى" يىغىنىغا قاتنىشىپ، تەقدىرنامە ئالغان ئىدىڭىز. يۇقۇرى سىزگە شۇ يىغىننىڭ خاتىرىسى سۈپىتىدە "يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارى" دېگەن مېدال ئەۋەتىپتۇ.

— بۇنى، — دەپ سۆز قوشتى سادىق ئەپەندى، — ئالدىمىزدىكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە چوڭ يىغىن ئېچىپ سىزگە تاقاپ قويماقچىمىز ...

قادىر ئورنىدىن تۇرۇپ خوشاللىق ھەم ھاياجان بىلەن ئېيتتى:

— ئۇستازلارغا رەھمەت. يولداشلارغا رەھمەت!

ئانار بولسا ھەممەيلەنگە تەبەسسۇم بىلەن قارايتتى، ئالىم ئاكا گېپىنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

— تۈنۈگۈن سىلەر — ئىككىڭلار مەكتەپ بويىچە، خىزمەت ئىلغارى ۋە ئەلاچى ئوقۇغۇچىلارنى تەقدىرلەش چوڭ يىغىنىدا بىر جۈپ بولۇپ تەقدىرلەندىڭلار، مۇكاپاتلاندىڭلار، بۇ ھەممىمىزنىڭ ئورتاق شەرىپى، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— شۇنداق.

— ھە، بۇ يەردىكى كارامەت بىر مۆجىزە — ئۇكام قادىر،

ئانار! مەن ئېيتسام، تۇرسۇن ئەپەندى 1956 - يىلنىڭ "ئوقۇتۇش تەتقىقاتى نەمۇنىچىسى"، ئەمدى سىز — قادىر، 1979 - يىلنىڭ "يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارى"

— بۇ ئىسمى - جىسمىغا لايىق ئاتا ئىزىدىن مېڭىش بولدى - دە، — دەپ سۆز قىستۇردى سادىق ئەپەندى خۇشال هالدا.

— توغرا! — دېدى ئالىم ئاكا، — بۇ ھەقىقى يوسۇندا ئاتا ئىزىدىن ماڭغانلىق ...

شۇ چاغدا ھەممەيلەننىڭ كۆزى تامدىكى جازىغا تىكىلدى، جازىدا تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ چوڭايتىلغان سۈرىتى خۇش - تەبەسسۇم قىلىپ تۇراتتى ۋە قادىرغا: "بالام، سەن مېنىڭ ئىزىمدىن مېڭىۋاتىسەن؟ بۇندىن كېيىنمۇ بۇ ئىزدىن تېيىپ كەتكۈچى بولما!" — دەۋاتقاندەك قىلاتتى. قادىرمۇ ئۆز ئىچىدە: "خاتىرجەم تىنچ يېتىڭ دادا، مەڭگۈ سىزنىڭ ئىزىڭىزدىن ماڭىمەن" — دەپ قەسەم بېرىۋاتاتتى.

— مانا، مېدالنى كۆرۈڭلار! — ئالىم ئاكا مېدالنى قادىرغا ئۇزاتتى. قادىر مېدالغا زوق ئەيلەپ تىكىلدى، ئانارمۇ شۇنداق قىلدى. مېدال ئالتۇندەك پاقىراپ، ياللىداپ نۇر چېچىپ، ھەممىنىڭ قەلبىدە پەيدا بولغان شەرەپ ۋە ئۈمىد ھېسسىنى تېخىمۇ ئۇلغايتتى. مەشتىكى ئوت بولسا ھەيۋەت بىلەن گۈركىرىمەكتە ئىدى.

1979 - يىل 6 - ئاي، 1980 - يىل 1 - ئاي.

قەشقەر — ئاتۇش

كىتاپنىڭ مۇقاۋىسىنى ۋە قىستۇرما
رەسىملەرنى نۇر مەھەممەت سىزغان


**子 承 父 志**

（维吾尔文）

阿不里米提·阿吉著

责任编辑：阿不里米提·吾斯满

喀什维吾尔文出版社出版

新疆新华书店发行

新疆新华印刷二厂印刷

787×1092毫米 1/32开本 印张5.625

1982年8月第一版 1983年2月第一次印刷

印数：1——10.000

统一书号：10264·21 定价：0.27元